تۆتىنچى مايدىن بۇيانقى تاللانغان

سەن ئەسەرلىرى

گومورو

# چۈي يۈەن

گومورو

# چۈي يۈەن



مىللەتلەر نەشرىياتى

1959 - يىلى

بۇ كىتاپ جۇڭگو سەھنە ئەسەرلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 - يىلى مايدا بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان ئىككىنچى نەشرى، ئونىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据中国戏剧出版社1958年2月北京第二版十次印刷版本譯出

كىتاپ نومېرى: 380 (4) 1669

# چۈي يۈەن

## 5 پەردە 6 كۆرۈنۈشلۈك سەھنە ئەسىرى

---

ئاۋتورى: گومورو.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجېن 54 ـ قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن ـ 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1959 ـ ژىلى 2 ـ ئايدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1959 ـ ژىلى 2 ـ ئايدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات: 787 × 1092 1/32 م.م. ھەجمى: 7 3/4 باسما تاۋاق.

تىراژى: 1000 ـ 1. باھاسى: 42 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: M10049. ئۇيغۇرچە: 59.

# مۇندەرىجە


## چۈي يۈەن

1 ـ پەردە ........ 7

2 ـ پەردە ........ 38

3 ـ پەردە ........ 76

4 ـ پەردە ........ 115

5 ـ پەردە 1 ـ كورۇنۇش ........ 148

5 ـ پەردە 2 ـ كورۇنۇش ........ 164

## قوشۇمچە

5 پەردىلىك تارىخىي پىيەسسى ـ «چۈي يۈەن»نى قانداق
يازدىم؟ ........ 190

«چۈي يۈەن» ۋە «كاروللار» ........ 208

«پۇجيەنچى» توپلىمىغا ئاخىرقى سوز ........ 230

پارچە خاتىرىلەر ........ 236

1. بىر سوزنىڭ ئۇستازى ........ 236

2. مەلىكە جىڭشىۋ ........ 238

كارىكتورا ئۇسخىسىنى ئوقۇپ كورگەندىن كېيىن
(«يېڭچۇن» نەشرى) ........ 243

يېڭى نەشردىن كېيىن («خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ
نەشرى») ........ 244

# قاتناشقۇچىلار

چۇي يۇەن — باش مىرزا؛ 40 ياش ئوپچورىسىدە.

سۇڭ يۈي — چۇي يۇەننىڭ شاگىرتى، 20 ياشلاردا،

شەن جۇەن — چۇي يۇەننىڭ خىزمەتكار قىزى، 16 ياش.

جىن شياڭ — مەھرەمبەگ؛ چۇ پادىشاسى خۇەي ۋاڭنىڭ ئەركە
ۋەزىرى، يېشى 30 نىڭ ئۈستىدە.

زى لەن — چۇ پادىشاسى خۇەي ۋاڭنىڭ كەنجى ئوغلى،
16 - 17 ياش.

مەلىكە جىڭ شيۇ — پادىشا خۇەي ۋاڭنىڭ قەدىناز خوتۇنى،
زى لەننىڭ ئانىسى، 35 ياش ئوپچورىسىدە.

خۇەي ۋاڭ — چۇ پادىشالىقىنىڭ پادىشاسى، 50 ياش.

جاڭ يى — چىن پادىشالىقىنىڭ ۋەزىرى، مۇرەسسەچى،
40 ياشلاردا.

نى جۇ — چۇ پادىشالىقىنىڭ لولا باش ۋەزىرى، 60 ياشلاردا

داخان بوۋاي — 70 ياشلاردا.

ئاۋاڭ — چۇي يۇەننىڭ دەرۋازەبىنى، 60 ياش ئوپچورىسىدە.

ئاخۇاڭ — چۇي يۇەننىڭ ئاشپەزچورىسى، 50 نەچچە ياشلاردا.

بىلىقچى — 30 ياشلاردا.

بىلىقچى بوۋاي — 50 ياشلاردا.

قاراۋۇل — 20 نەچچە ياشلاردا.

جىڭجەنيمىڭ — قورغەنداز، مەلىكە جىڭشىيۇنىڭ ئاتىسى، 70 نەچچە ياشلاردا.

موماي.

جىسەكچى.

ئايال خىزمەتچىلەر، كېنىزەكلەر، خەلق، مۇھاپىزەتچىلەر، ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار، سازەندىلەر.

ۋاقتى — چۇ پادىشاسى خۇەي ۋاڭنىڭ 16 — يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 313 نچى يىل)

جايى — چۇ پادىشالىقىنىڭ پايتەختى يىڭ شەھرى (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭلىن ناھىيىسى.)

# بىرىنچى پەردە

جۈيزە بېغىدا . ئەتىگەن . ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ، شاخلاردا كۆزدە قېپقالغان بىر قانچىلىغان جۈيزىلەر ئېسىلىپ تۇرىدۇ. باغنىڭ كەينى قاشا بىلەن ئورالغان؛ ئۇنىڭدا — كوچا ئې- شىكى؛ باغنىڭ سىرتىدا ئېتىزلىق كۆرۈنىدۇ . سولدا - ئىككىنچى كوچا ئىشىكى، بۇ ئىشىك بىلەن ئىچكى هويلىغا كىرىدىغان يول بار. ئوڭ ياندا — باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەردىن خېلىلا ئېگىز بىر شىپاڭ. شىپاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاي ئۈچۈن كىچىككىنە جوزا قويۇلغان؛ جو- زىنىڭ ئالدىدا تاش ئورۇندۇق . شىپاڭنىڭ پەلەمپىيى سول تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ، پەلەمپەينىڭ هەر بىر باسقۇچىغا لوڭقىلاردا خۇش- بۇي گۈللەر قويۇلغان . پەلەمپەينىڭ ئاستىنقى باسقۇچىغا بىر دانە بامبۇك سۈپۈرگە قويۇلغان . باققا جۈيزە دەرەخلىرىدىن باشقا ، بامبۇك ۋە باشقا دەرەخلەر قويۇش مۇمكىن . 16 ياشلارغا كىرگەن شەن جۈەن چاي كوتۇرۇپ سول ياقتىن كىرىدۇ، شىپاڭنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ ، چاينى جوزا ئۈستىگە قويۇپ بىر ئازرە تىلەپ قويغاندىن كېيىن، يەنە كىرگەن يولى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

40 ياشلارغا كىرگەن چۈي يۈەن سول ياقتىن كىرىدۇ؛ ئۈستىگە ئۇزۇن ئاق يەكتەك كېيگەن ، بېشىنى ياغلىق بىلەن ئوراۋالغان. چۈي يۈەننىڭ سول قولىدا ۋېيەك رەختتىن ياسالغان قالىمما دېپتەر

بار. ئۇ ئاستا باغ ئارىلاپ ۋۇرۇدۇ، گايىدا جۈيـزىلەر ئېسىلىپ تۇرغان شاخنى ئېگىپ ئۇلارنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى پۇرايدۇ. كېيىن بىپەرۋا ھالدا مېۋىدىن بىرنى ئۈزۈپ، ئوڭ ئالقىنى بىلەن چوگىلۇـ تۇپ ئوينايدۇ. ئاندىن كېيىن پەلەمپەيدىن ئاستا چىقىپ، ۋۇقۇرقى باسقۇچتا ئولتۇرۇدۇ. چۈي يۈەن بىردەم جۈيزىنىڭ ھىدىنى پۇراپ، بىردەم يەنە بېشىنى كوتۇرۇپ ئەتراپقا قارايدۇ. كېيىن قولىدىكى جۈيزىنى پەلەمپەيدە قويۇپ، خەتلىرى ھەل بىلەن يېزىلغان قاتلىما دەپتەرنى ئاچىدۇ. ئۇ ئوزىنىڭ «جۈيزە ھەققىدە قەسىدە» سىنى ئاستا، ئۇنلۇك ۋە ئوقۇملۇق قىلىپ، قول ئىشارىلىرى بىلەن ئوقۇيدۇ.

چۈي يۈەن:

ئەي مەغرۇر، باراقسان جۈيزە دەرىخى،
ئوسۇشەن جەنۇپتا تەمكىن، قوزغالماي.
ياپراقنىڭ ياپ ـ يېشىل، چېچەكنىڭ سۈتتەك،
شاخلىرىڭ نەشتەردەك تىكەنلەرگە باي.

گۈزەل مېۋىلىرىڭ گويا تولۇن ئاي،
زۇمرەت رەڭدىن ئوز گۆھەر ئالتۇندەك بولۇپ،
سۈپ ـ سۈزۈك ئەتلىرى، تەڭداشسىز ھىدى
جانغا راھەت بېرەر لەززەتكە تولۇپ.

قورقمايسەن قىرودىن، مۇزھەم بوراندىن،
بېيىلغان ۋىلتىزىڭ يەرنىڭ قەھرىگە،
ئىرادەڭ پولاتتەك ئوخشايسەن گويا
پىداكار، ھەممەتلىك مەرتلەر ئەھلىگە.

(ئۇقۇشنى توختۇدۇ، قاتلىمادەپتەرنى تىزىغا قويۇپ، جۇيزىنى
يەنە قولىغا ئالىدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقىدىن ھوزۇرلۇنۇپ، كوزىنى بىر
ژۇمۇپ، بىر ئاچىدۇ، ئاندىن كېيىن جۇيزىنى ئىككى پۇچۇق
قىلىپ ئاجرىتىدۇ، ئەمما يېمەستىن، ئۇلارغا قاراپ زوخلۇنۇدۇ.)

20 ياشلاردىكى سۇڭ يۈي كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدە كالتە كەمزول،
ئۇ ئىككى ئورۇم چېچىنى بېشىغا تۇگۈپ ئالغان، قولىدا كىچىككىنە سېـ
رىق كۇچۇك بار. سۇڭ يۈي چۈي يۈەننى كورۇپ، شىپاڭغا زۇگۇرۇپ
كېلىدۇ.

سۇڭ يۈي: (پەلەمپەينىڭ ئالدىدا توختاپ.) سىلى
سەيلىگە چىقتىلا، ئۇستاز!

چۈي يۈەن: ھەئە، مەن سېنى ئىزلەپ ژۈرۈۋاتىمەن،
سەن قەيەردە ئىدىڭ؟

سۇڭ يۈي: مەن باغنى سۇپۇردۇم. ئاندىن كېيىن ئاـ
جىگنى① كوتۇرۇپ تالانى ئايلىنىپ كەلدىم.

چۈي يۈەن: ياخشى بوپتۇ، سىلەر ياشلارنىڭ ئەتىگەن
تۇرۇپ، بەدىنىگلەرنى چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلەنگىنىڭلار ناھايىتى ياخشى.
(جۇيزىنىڭ ئىككىلا پۇچۇغىنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئالدىرىماستىن
بىر-بىرىگە جۇپلەيدۇ. ئاندىن كېيىن بىر قولىغا جۇيزىنى،
يەنە بىر قولىغا قاتلىما دەپتەرنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.)
مەن ساڭا بىر شېئىر يازدىم. جۇر، شىپاڭدا ئولتۇرايلى. (شىـ

① كۇچۇكنىڭ ئېتى.

ياكقا كىرىپ، جوزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇدۇ، جۈيزىنى ئۈنىڭ ئۈستىدە قويۇدۇ.)

چۈي يۈەن: ئاجىگىنى قويۇپ، مېنىڭ يېڭى شېئىرلىرىمى ئوقۇپ كورگىن-چۇ. (قاتلىما دەپتەرنى سۇڭ يۈيگە بېرىدۇ.)

سۇڭ يۈي چۈي يۈەننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ چىقىپ، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرۇدۇ.

سۇڭ يۈي كۆچۈكنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ. چۈي يۈەن چاگنىڭ تارلىرىنى چېرتىپ چېلىشقا باشلايدۇ.

سۇڭ يۈي: (قاتلىما دەپتەرنى بىر-بىرلەپ ۋاراغلاپ، ئالدىنقى بېرامىنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ، ئاندىن كېيىن بېشىنى كوتۇرۇپ، چۈي يۈەنگە قاراپ.) ئۇستاز، سىلى جۈيزىنى كۈيلەپ يېزىپتىلا.

چۈي يۈەن: ھەئە، باش تەرىپى شۇنداق، ئايىغى باشقا توغرۇلۇق يېزىلغان. ئايىغىنى ئوقۇغىنا.

سۇڭ يۈي: (قاتلىما دەپتەرنى داۋاملىق ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلايدۇ.)

زوق بىلەن قارايمەن ساڭا ئەي يىگىت!
ئەگتۈشلىرىڭ ئىچىدە سەن بىر يىگانە.
ئىرادەڭ مۇستەھكەم، تۇرۇسەن خۇددى -
جۈيزە دەرىخىدەك قاۋۇل، مەردانە.

كۆڭلۈك مىسلى دېڭىزدەك، روھىڭ ئۇلۇغۋار
سۆيۈنۈك ئېقىشىغا باقمايسەن ئەسلا.
ئېرىشكەن ئۇتۇقۇڭغا بولمايسەن رازى،
قويمايسەن ئۆزەڭگە ھەرگىز تەمەننا.

ھەر ئىشنى قىلسەڭ ئېھتىيات بىلەن
كىرمەيسەن تىزگىنسىز خىيال كەينىگە.
سەندە بار خالىسلىق، روھىڭ بەك ئازا،
ئوخشايسەن ئاي بىلەن كۈننىڭ ئەينىگە.

قول بېرىپ ئۆمۈرلۈك دوستلۇق بولاي مەن،
قەلبىمنى قىلدىڭ سەن ئۆزىڭگە مەپتۇن.
كۆرەشكىن ئاداققىچە ئېگىلمەي ـ سۇنماي،
گەك ئۇلۇق، مۇقەددەس ھەقىقەت ئۈچۈن.

مەيلى ياش بولساڭمۇ كۆپنى كۆرمىگەن،
ھەممىگە بولالايسەن ھەقىقىي ئۈلگە.
قەدىمقى بويىنىڭ ① ئىزىنى بېسىپ،
ياشايسەن دۇنيادا ئىزىڭ مەڭگۈگە.

سۆلەڭ يۈنى: (ئوقۇشىنى تۈگۈتۈدۇ؛ ئۇ بىر ئاز ھودۇقۇ-

① بويى ـ قەدىمقى جۇڭگونىڭ مىسلىسىز بىر قەھرىمانى. ئۇ ئىنسان-پەرۋەرلىك، فەتىسىلىك ۋە خالىسلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ شوھرەت قازانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىماي ئۆزىنى ئاچلىق بىلەن ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلغان ـ ت.

ماندەك بولىدۇ، ئەمما يۈزىگە بىردىنلا خۇشاللىق ژۈگۈرىدۇ.)

ئۇستاز، سىلى بۇنى ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن يازدىلىمۇ؟

چۇي يۈەن: ھەئە، ساڭا يازغان. (سۆزلەشكەن چاغدا ئۇ چاكىنى بىردەم توختىتىدۇ، بىردەم چالىدۇ.)

سۇڭ يۈي: مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەسقۇ!

چۇي يۈەن: ئىشىنىمەنكى، سەن بۇنىڭغا لايىق بولالايسەن. (باغدىكى جۇيزە دەرەخلىرىنى كۆرسىتىدۇ.) ئاۋۇ دەرەخلەرگە قارا: ئۇلار بىزگە ھەقىقەتەن ئىبرەتلىك ساۋاق بولالايدۇ! كۆرەڭلىك، ژۈرەكسىزلىك، بوشاڭلىق، ماداراچىلىق ئۇلارغا يات. (بىر ئاز توختىۋېلىپ.) شۇنداق، ئۇلار ئاپتاپنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما جۈتتىنىمۇ قورقمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ قارامتۇل يېشىل ياپراقلىرى يېشىل تاشقا ئوخشايدۇ؛ قۇياش قانچىلىك كۈچلۈك ئۇرچاچسا، ئۇلار شۇنچىلىك خۇشاللىنىدۇ، شۇڭا ھەر قانداق كۈچلۈك جۈتتىن ـ سوغۇقتىنمۇ قايغۇرۇپ قالمايدۇ. ۋاختى كەلگەندە چېچەكلەيدۇ، چېچەكلىرى شۇنچىلىك خۇشبۇي ۋە ئاپپاق بولىدۇ. ۋاختى كەلگەندە مېۋە باغلايدۇ: بۇلار شۇنچىلىك ژۇمىلاق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ رەڭگى تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار يېشىللىقتىن ئۆزگىرىپ سارغىيىدۇ، سېرىقلىقتىن ئۆزگىرىپ قىزىرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى شۇنچىلىك مۇناسىپ، ئۇلار شۇنچىلىك تازا ۋە ئوخشاسىز. (ئىككى پۇچۇق قىلىنغان جۇيزىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچ تۈزۈلۈشىنى سۇڭ

يۇيگە كۆرسۈتۈدۇ.) بۇلار دەسلەپ چېچەكلىدى، ئۇندىن كې-
يىن مېۋە باغلىدى، ئەمدى بولسا ئۇلارنى ھەركىم ئۈزۈپ، يېسە
بولىدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك تاتلىق، شۇنچىلىك تەملىك. ئۇلارنى
ئۈزۈپ ئالسا ئۇلار زارلانمايدۇ، ئەمما ئۈزۈپ يېگۈچى چىقمىسا
ئاچچىغىمۇ كەلمەيدۇ؛ ئۇلار پۈتۈنلەي خالىس. لېكىن بۇنىڭدىن:
ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھى يوق، ئۇلارغا مەيلىچە
مۇئامىلە قىلسا بولىۋېرىدۇ دېگەن مەنا چىقامدۇ؟ ياق، ھەرگىز. ئۇلار-
نىڭ غوللىرىغا قارا. (يەنە جۇيزە دەرىخىنى كۆرسىتىپ.) ئۇ-
لارنى تىكەن باسقان، ئۇلار سانجىلىدۇ. ئۇلارغا تېگىش ئون-
چىلىك ئاسان ئەمەس. ئۇلار جەنۇپتا ئۆسىدۇ ۋە ئۆزى ئۆس-
كەن جەنۇپنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا سەن ئۇلارنى شىمالغا
كۆچۈرۈپ تىكمەكچى بولساڭ، بۇ ئانچە ئوڭاي ئەمەس. مانا
ئۇنىڭ روھى قانداق مۇستەھكەم، قانداق چىدامىلىق! خوش،
ئۇ ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىمەمدۇ؟

سۇڭ يۈي: شۇنداق، ئۇستاز، سىلىنىڭ سۆزلىرى، مەن
ئۈچۈن چوڭقۇر ساۋاق بولىدى. سىلى دېمەكچى، دەرەخ
چېغىدا ئەنە شۇنداق بولالايدىكەن، ئادەملەر نېمىشكە ئۇنداق
بولالمىسۇن... (بىر ئاز ئويلىغاندىن كېيىن.) ئادەملەرمۇ شۇن-
داق بولالايدۇ.

چوي يۈەن: سەن مېنىڭ پىكرىمگە چۈشەندىڭ، ئوغ-
لۇم، سەن ئېقىللىق، سەن كىچىكىڭدىن تارتىپ ئىلىمنى سۆ-

يۈسەن، سەن تىرىشقاق، سەن ئاخماقلار بىلەن دوست بولمايسەن، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرمەيسەن؛ مەن بۇنىڭغا خوشال. (بىر ئاز توختىۋېلىپ.) مەن سىنىڭ مۇشۇ جۇيزە دەرىخىگە ئوخشاش بولۇشۇڭنى ئۈمىت قىلىمەن، سەن مەڭگۈ، چىدامىلىق، يۈكۈلمەس بولغىن. سەن كەمتەر بول ۋە مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىگە ئېرىشىلىپ ئالما. قەتئىي بول، پەسكەشلىككە يول قويما. ئالىي جاناپ مەخسەتكە يېتىشكە تىنىمسىز ئۇمتۇل، ئادىل ۋە خالىس بول. ئۇ چاغدا سەن خاتالىق ۋە جىنايەتلەرنى قىلمايسەن ۋە كامالەتكە يەتكەن بىر ژىگىت بولۇسەن. (يەنە توختاپ.) ئەگەر سەن ئەنە شۇنداق بولالىساڭ پېشمىزنىڭ چوڭ-كىچىكلىگىگە قارىماستىن، ئومۇر بويى سىنىڭ دوستۇڭ بولۇپ قېلىشنى خالايمەن. ئەگەر سەن شۇنداق بولالىساڭ، سەن ياش ژىگىت بولساڭمۇ، كوپلەرنىڭ ئۇستازى بولالايسەن. (بىر ئاز توختاپ.) لېكىن ئوزۇمنى تۇتۇۋم دەپ تولىمۇ گىدىيىۋالماسلىق كېرەك؛ تۇز كوڭۇل بولۇش كېرەك. باشقا كۇن چۈشكەندە ھەرگىز تەۋرەنمەسلىك كېرەك، مادارا قىلماسلىق لازىم. ئاچلىقتىن شۇياڭسەندە ئولگەن قېدىمقى دانىشمەن بويىدىن ئوگۈنۈش كېرەك، ئۇ بومۇسنى يولغاشتىن كورە، ئاچلىقتىن ئولۇشنى ئەبزەل كوردى. بۇنى چۈشەندىڭمۇ؟

سۇڭ يۈي: خوش، چۈشەندىم. مەن پۈتۈن قەلبىم بىلەن، پۈتۈن نىيىتىم بىلەن ئوزلىرىدىن ئوگۈنۈشكە تىرىشىمەن:

ئۇزلۇكسىز ئىجادىيەتلىرىدىن، كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىلىرى-
دىن ئۈلگە ئالىمەن. ئەمما جانابلىرى شۇنداق ئۇلۇغ كىشىكى،
مەن سىلىنىڭ سۆھبەتلىرىنى زادىلا ئۇگۈنەلمىيۋاتىمەن.

چۈي يۈەن: سەن مېنى ئۇستاز دەپ ئارتۇقچە ئاشۇ-
رۇۋەتمە ۋە ئۆزۈڭنىمۇ كەمسىتمە. بۇ ناھايىتى مۇھىم. مەن ئاددىي
ئادەم. مېنىڭچە، كىشىلەرمۇ، بەلكىم، تۇغۇلۇشىدىنلا ئاددىي
بولسا كېرەك. ئۆتكۈر ئادەم بولۇش ئۈچۈن ھەر كىمنىڭ ئۆزى
تىرىشىشى كېرەك. (سەل توختاپ.) بىز ئەڭ يۈكسەك نەمۇنى-
لەردىن ئۈلگە ئېلىپ، بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى مەشھۇر كىشى-
لەرگە تەقلىت قىلىشىمىز لازىم. پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇلارغا
يېتىشىپ ئېلىشقا، ھەتتا ئېشىپ كېتىشكە تىرىشىشىمىز لازىم. ئەنە
شۇ چاغدىلا بىزنىڭ غەيرىتىمىز ئۇتۇق قازىنىدۇ. يېقىندا مەن
شىمالنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى بولغان يەن يۈەنىڭ ئېيتقان سۆز-
لىرىنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئالىم كۇڭزىنىڭ ئوبدان شاگىرتى. ئۇنىڭ
سۆزلىرى ماڭا ئاقىلانە سۆزدەك تۇيۇلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
«شۇن دېگەن كىم؟ ئادەم. مەن كىم؟ مەنمۇ ئادەم. دېمەك،
كىمىكى غەيرەتلىك بولسا شۇنگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن».
بۇ ئاجايىپ ياخشى پىكىر. بىز ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز، ئۇلۇق
خاقان شۇن ئاجايىپ بىر ئادەم ئىدى. لېكىن، ئۇمۇ ئادەممىغۇ،
بىزمۇ ئادەممىغۇ؟ ئۇ شۇنچىلىك ژۇفۇرى سۆھبەتكە كۆتۈرۈلگەن
ئىكەن، بۇ ئىش بىزگە نېمىشكە مۇمكىن بولمىسۇن؟ ھەممىگە

ئۆرنىشىش مۇمكىن، چوقۇم مۇمكىن. ھەممە نەرسە كىشىلەرنىڭ غەيرەت ـ پائالىيىتىگە باغلىق. يامغۇر تامچىسى تاشنى تېشىدۇ؛ ئاغامچا سۇركىلىۋەسە دەرەخنى كېسىدۇ! ھەممە ئىش ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا، داۋاملىق تىرىشىشىغا باغلىق.

شەنجۇەن كوزىسىنى ــ كوتۇرۇپ كىرىدۇ. شىپاڭ يېنىغا كېلىپ، بىرقاچا سۇ قۇيۇپ، چاڭ جوزىسى يېنىغا بېرىپ، چۇي يۇەنگە سۇنىدۇ؛ چۇي يۇەن ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، قاچىنى ئېلىپ، كوزىسىنى كوتۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

سۇڭ يۇي: مەن جاناپلىرىنىڭ سوزلىرىنى ئۆيدان ئەستە تۇتۇمەن، ئۇستاز. مەن كوپۇنچە قېدىمقىلاردىن ئۆلگە ئېلىش كېرەك دەپ ئويلايمەن، ئەمما نىمىدىن باشلاش كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. بىز ئۇلاردىن ناھايىتى ئۇزاقلىشىپ كەتتۇق. بىز ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى، قىياپەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۇرەلمەيمىز؛ ئۇلارغا قانداق تەقلىت قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەن ھەممە ۋاقىت ئوزلىرىنىڭ قاشلىرىدا تۇرۇمەن، ھەر كۇنى ئوزلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، تەبەسسۇملىرىنى كورۇپ تۇرۇمەن؛ ئوزلىرىگە تەقلىت قىلسام دەيمەن، ئەمما زادىلا قامللاشتۇرالمايمەن.

چۇي يۇەن: (تەبەسسۇم قىلىپ.) مېنىڭ ئاۋازىم ۋە كۇلكەمگە تەقلىت قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ بۇ مايمۇنلارنىڭ قىلىقى. (ئورنىدىن تۇرۇپ شىپاڭدا ئۇياق ـ بۇياققا

ماڭىدۇ.) قىيىنچىلىقلارغا تەقلىت قىلىش - بۇ ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم روھىنى ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئۆگىنىش دېگەن سۆز؛ قابىل ئادەم بولۇش ئۈچۈن دائىم تىرىشىش كېرەك. (بىر ئاز توختاپ.) بىز ھەممىمىز تۇغۇلۇشتا ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ تۇغۇلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇنلىغان يامان ئادەتلەرنى مىراس قىلىپ ئالىمىز. مەسىلەن، بىز، ھەممىمىز بىر-بىرىمىز بىلەن رىقابەتلىشىشنى ياخشى كۆرىمىز، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە بىكارچىلىق، ھورۇنلۇققا چان دىلىمىز بىلەن بېرىلىپ كېتىمىز؛ بىزنىڭ بۇزۇقچىلىق ئىشلىرىمىزمۇ ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. رىقابەتلىشىش ھېچبىر زىيانلىق ئىش ئەمەس، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىزنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەگەر سەن ئەڭ كۈچلۈكلەردىن كۈچلۈكرەك بولاي دېسەڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى ئايىماستىن، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭ كېرەك. باشقىلاردىن قابىلراق بولساڭ، بۇ كۆرەشتە غالىپ بولۇپ چىقىسەن، ئۇنىڭغا شەك يوق.

سۇڭ يۈي: شۇنداق، ئەلۋەتتە، شۇنداق.

چۇي يۈەن: ئەمما مانا مۇشۇ يەردىن مەسىلە چىقىدۇ. باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇش خۇشاللىق ئىش؛ لېكىن بۇنداق ئۈستۈنلۈككە يېتىش بولىمۇ بەك مۇشەققەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ھېلىگەرلىككە چۈشۈپ كېتىدۇ؛ بەزىلىرى يالغان داڭ چىقىرىپ،

ئۇزىنى كۈچلۈك كۆرسۈتۈشكە تىرىشىدۇ؛ ياكى ئىچمۇ يامان
قىلمىشلىرىنى قىلىدۇ- ئۇزىدىن كۈچلۈك بولغانلارنى، ئورنىغا تىقى-
دۇ. بۇ، ساختىپەزلىك، جىنايەت، پەسكەشلىك! (كېيىنكى
سۆزلەرنى چوي يۈەن ناھايىتى قاتتىق ئېيتىدۇ، ئاندىن كېيىن
ئاۋازىنى يەنە پەسەيتىدۇ.) ھورۇنلۇقتا، بىكارچىلىقتا بېرىلىش
ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ بىر سەۋەبى؛ بۇ ئادەمنىڭ ئۇزى بىلەن
ھەمرا بولۇپ كەلگەن ھالىتى! بىز ئەيىمىزنىڭ بۇنداق خۇسۇ-
سىيىتىنى ھەر جەھەتتىن بېسىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنى ھېچبىر
ئايىماستىن ھەر كۈنى، ھەر سائەت بېسىشىمىز لازىم. ئەنە شۇ
چاغدا ئەقلىمىز راسا تولىدۇ، قابىلىيىتىمىز ئاشىدۇ ۋە پۈتۈن
ئەزايىمىز چىڭىيىدۇ، سەن نىمىدىن باشلاشنى بىلمەيمەن، دەي-
سەن. سەن ئۇزۇڭدىن باشلايسەن. (بىر ئاز توختاپ.) بىز
باشقىلاردىن ئۆگۈنۈشىمىز كېرەك، ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەم-
مىسىدىن ئۆگۈنۈش كېرەك. تۇغۇلۇشتا يالغۇز بەدىنىمىزلا ئە-
مەس، بەلكى ئەقلىمىزمۇ ئاجىز تۇغۇلغان. بىزگە بىرلا ياخشى
نەرسە - ئۆگۈنۈش قابىلىيىتى بەخش قىلىنغان. بىز ئەنە شۇ قا-
بىلىيىتىمىزدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك؛ شۇنداق قىلغاندىلا بىز-
نىڭ بەدىنىمىزمۇ، ئەقلىمىزمۇ بارا - بارا تاكامۇللىشىدۇ. ئەت-
راپىمىزدىكى ھەممە نەرسىدىن ئۆگۈنۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن،
بايا بىز جۇيزە دەرەخلىرى توغرۇلۇق سۆزلىگەن ئىدۇق. (دە-
رەخنى كۆرسىتىدۇ.) ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازىمىز

بولالامدۇ؟ ياكى مەسىلەن، سەن؟ مەنمۇ سىنى ئۆز ئۇستازىم دەپ بىلسەم......

سۇلۇڭ يۈي: (بىر ئاز چوچۇپ.) ئۇستاز، نىمە دەۋاتىدىلا. مىنى خىجالەت قىلىپ...

چۇي يۈەن: سەن مىنى ئۆزۈڭگە خوشامەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما؛ سىلەردەك ياشلارنىڭ ھەر بىرىڭلەرمىنىڭ ئۇستازىم. ئادەم ياشلىقتا كۈچلۈك بولۇشقا، ياشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇشقا ئىنتىلىدۇ؛ ياشى ئادەم ھوروۇنلۇققا بېرىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىق ھېمىشە پاك مەسۇم بولۇدۇ، ياشلار غەيرەتلىك بولۇدۇ ۋە ئالىي جاناپلىق ئىشلارنى ئەشنالىق بىلەن كۆتۈدۇ؛ ئۇ تېخى ئۆز مەنپەتىنى كوزلەش كېسىلىگە يولۇقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياشلاردىن ئۆگۈنۈشكە تىرىشمەن. (شىپاگىنىڭ توغرى ياغىچىغا ئولتۇرۇدۇ.) مانا شېرنى ئالايلى. مەندەك يېشىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ شېرلىرى قاتمال بولۇدۇ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن، تىل جەھەتتىن كوزگەم بولۇدۇ، لېكىن مۇنداق ئادەملەر ياشلىق ھەۋىسى بىلەن بىللە ئۇيغۇنىڭ ساپلىقىنى، تازىلىقىنى، توغرىلىقىنى يوقۇتۇدۇ. مانا بۇلار ھېمىشەم مىنى چوڭقۇر ئەندىشىگە سالىدۇ. شۇ جەھەتتىن، ماڭا ئادەم قېرىغانسىرى قىلغان ئىشلىرى يامان بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. (بىر ئاز توختاپ.) شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ياشلاردىن، ساپ كۆڭۈل، ئاددىي پۇخرا-

لاردىن ئۆگۈنۈشكە ئىنتىلىمەن. ياشلاردا بولۇۋاتقان ساپلىق، پاكىزلىك ۋە توغرى كۆڭۈللۈكنى ساقلاشقا تىرىشىمەن. بۇ توغرۇلۇق مەن ساڭا كۆپ قېتىملار ئېيتتىم، ئېسىڭدە باردۇر؟

سۇڭ يۈي: بۇنى مەن ھەمىشەم ئېسىمدە ساقلايمەن، ئۇستاز.

چۈي يۈەن: شۇڭلاشقا تولا كىشىلەر مېنىڭ شېئىرىمنى تولىمۇ چاكىنا، تولىمۇ بىمەنە دېيىشىدۇ: ئېيتىشلىرىچە، مېنىڭ شېئىرلىرىمدا مەدھ ئۈچۈن يېزىلىدىغان «قەسىدىلەر» دىكى ئەنئەنىۋى جاراڭ يوق ئىمىش، مەن ئۇنداق گەپلەرنى كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئاددىي خەلقنىڭ ۋە بالىلاردىن ئۆگۈنۈمەن، شۇسەۋەپتىن مېنىڭ شېئىرلىرىم چاكىنا تۇيۇلىدۇ. مەن ئىلاج قىلىپ ماختاپ يېزىلغان «قەسىدىلەر» ئۇسلۇبىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ شېئىرلىرىم ئارتۇقچە بىمەنە تۇيۇلىدۇ. ئاددىي كىشىلەر ياكى بالىلار كونا، قېتىپ قالغان «قەسىدىلەر» نى ئاڭلىغاندا، ئۇلاردا گويا ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىينى ئاڭلاۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇنداق بولغانىدا ئۇ شېئىرلار ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ قويامدۇ؟ دۇرۇست؟ مەن يەنە شۇنى ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك: مەن سەندىن كۆپ ئىلگىرى تۇغۇلغان؛ باشلىق ۋاقتىمدا «ئىبرەت ـ نەسىھەتنامە»، ۋە «قەسىدىلەر» نىڭ تەسىرى بىلەن سۇغۇرۇلغانمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئەسەر-

لىرىمنىڭ بۇنداق «مىراستىن» تامام قۇتۇلۇپ كېتىشى ئاسان ئەمەس. بۇ ھال خۇددى بىر قۇل قۇللۇقتىن ئازات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېشىغا ئوتتا قىزىتىپ بېسىلغان تامغىنىڭ ئىزى زادىلا يوقالمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. سىلەرنى ئالساق، بۇ باشقا گەپ. سىلەرگە ئۇنداق تامغىمۇ بېسىلمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر شېئىرلىرىڭلارنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىنى ئۆز خاھىشىڭلار بويىچە ئۆزۈڭلار بەلگىلەيسىلەر. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە مەن سىلەرگە ھەۋەسىم كېلىدۇ.

سۇڭ يۈي: جانابلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز تاكامۇللىشىشقا بولغان ئىنتىلىشلىرى ئەنە شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ. بۈگۈن ئۆزلىرى ماڭا ھەقىقەتەن قىممەتلىك دەرس بەردىلە. بۇ «جۈيزە قەسىدىسى» نى ماڭا سوغات قىلىشلىرى مۇمكىنمۇ، ئۇستاز؟

چۈي يۈەن: ئەلۋەتتە. بۇ ساڭا ئاتاپ يېزىلغانغۇ.

سۇڭ يۈي: (تازىم قىلىپ.) مەن ئۆزلىرىدىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن، ئۇستاز، بۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىخلاس بىلەن ئوقۇيمەن.

چۈي يۈەن: بۇ بۇنچىلىك ئەرزىمەيدۇ. بۇ قەسىدە شائىرانە بىر ئەسەر سۈپىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقمىغان. سەن ئەڭ ياخشىسى، بويىغا ئوخشاش ۋىجدانلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن ياخشى تىرىش.

سۇڭ يۈي: ئۆزلىرىنىڭ نەسىھەتلىرى ئۈچۈن تەشەككۈر

بىلدۇرۇمەن، ئۇستاز، لېكىن مەن ئۆزلىرىدىن ئۆگۈنۈشۈم كې-
رەك، ئەمما بويىدىن ئۆگەنمەيمەن، ئۇ ئادەم ماڭا كونىلىق
بىلەن قېتىپ قالغان ئادەمدەك كۆرۈنۈدۇ، يىڭ پادىشاسى جۇ
ۋاڭ ناھايىتى زالىم ئىدى، جۇ پادىشاسى ئۇۋاڭ ئۇنى جازالى-
سا نېمە بوپتۇ؟ بىر زالىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبى بىلەن نېمىشقا
بويى قېيداپ ئۆلۈۋالىدۇ؟ بۇنى مەن پەقەتلا چۈشەنمەيمەن.

چۈي يۈەن: تارىخىي فاكتلار، ئۇقتىسي نەزەرىدىن بۇ
مەسىلە خېلىلا تالاشتا قالغان مەسىلە. جۇر، باغنى ئايلىنىپ
ژۇرۇپ پاراڭلاشايلى. (پەلەمپەي بىلەن باققا چۈشۈدۇ.)

سۇڭ يۈي چۈي يۈەننىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ.

چۈي يۈەن: يىڭ پادىشاسى جۇۋاڭ ئۇنچىلىك يامان
ئادەم ئەمەس ئىدى. بىز جۇ پادىشالىقى بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن مى-
نەتدار بولۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ پادىشالىقىمىز بىر ۋاقىتلاردا
يىڭ پادىشالىقىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان ئىدى، يىڭ پادى-
شاسى جۇۋاڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسى دىيىي جەنۇپ تەرەپكە كې-
لىپ شەرقىي جەنۇپتىكى يات قەبىلىلەرنى تىنچلاندۇرۇشقا نا-
ھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان ئىدى. جۇ قەبىلىسى ۋەزىيەتتىن
پايدىلىنىپ، نۇرغۇن كۈچ توپلاپ، يىڭ يەرلىرىگە ھۇجۇم
قىلىپ، يىڭ خانىدانلىقىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلدى. ئۇچاغدا
بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ۋە سۇڭ، شۇي قەبىلىلىرى ناھايىتى قاتتىق
قىستىچىلىقتا ئۇچراپ، ئاستا-ئاستا شىمالدىن جەنۇپقا كۆچۈشكە

مەجبۇر بولىدى. سەن، بەلكىم بىلىدىغانسەن، شىمالدا جۇ-
ڭچىۋ دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار؛ بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئەنە شۇ
يەردە ياشىغان. ئەگەردە يىڭ پادىشاسى جوۋاڭ شەرقىي-جەنۇپ-
تىكى يات-قەبىلىلەرنى تىنچلاندۇرمىغان بولسا، بىزنىڭ بوۋىلى-
رىمىز ئۆزىگە باشپانا تاپالمىغان بولاتتى ۋە ئۇلار جۇ قەبىلىسىنىڭ
قۇللىرىغا ئايلانغان بولاتتى. جۇ خاندانلىقى يىڭ خاندانلىقىنى
ئاغدۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يىڭ پادىشاسى جوۋاڭنى
ئەڭ يامان ياۋۇز پادىشا دەپ كۆرسىتىشكە باشلىغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇرغۇنلىغان ناھەق ئەيىپلەرنى ئارتقان، بۇ ئۆز-ئۆزىد-
ىن مەلۇم. ھەقىقەتتە بولسا جوۋاڭ ئۇنچىلىك يامان ئەمەس
ئىدى. بويىنىڭ جۇ پادىشاسى ئۇۋاڭغا قارشى چىققانلىقى ھەق
مىنىڭ پىكرىمنى ئەستىقلايدۇ.

سۇڭ يۈي: ئۆزلىرىنىڭ ئىزاھلىرى مەن ئۈچۈن پۈتۈن-
لەي يېڭى خەۋەر بولدى؛ بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ۋە
قىزىق گەپ ئىكەن.

چۈي يۈەن: ئەسلىدە، بىزنىڭ بۇ كونا ئىشلار بىلەن
شۇغۇللىنىشىمىزغا ھاجەتمۇ يوق، لېكىن ھەر ھالدا ئېيتىش
كېرەككى، بويىنىڭ ئىشلىرى بىزنىڭ ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۆ-
گىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مەلۇمكى، ئۇ ئۆزى پۈتۈن بىر پادى-
شالىقنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرالايدىغان بولسىمۇ، بۇ ژۇقۇرى
پەخرى ئورۇننى قوبۇل قىلمىدى، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشى-

مىزدا پادىشا تەختىدىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىلەر بارلىقىنى
چۈشۈنەتتى. ئەگەر سەندە ئىنسانلىق بىر خىسلەت بولمىسا،
ئۇ چاغدا پادىشالىق ئورنۇڭ ساڭا قانداق شۆھرەت كەلتۈرۈشى
مۇمكىن؟ جۇ خاندانلىقى يىڭ خاندانلىقىنى بىت - چىت قىلغاندا،
بويىي ئوزىنى ئۆلتۈرمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئىدى؛ ئۇ قانداق بول-
مىسۇن ئۆزىنىڭ كۈنىنى كۆن ئەتكەن بولاتتى ۋە ھېچكىم ئۇنى
ئېيىپلىمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇ يەنە بىر ئازمادارا قىلغان بول-
سا، جۇ سارىيى ئېھتىمال، ئۇنىڭغا ژۇقۇرى مەرتىۋە بەرگەن
بولاتتى. ئەمما ئۇ بۇنداق مەنسەپ ۋە مۇكاپاتنىڭ ئۆلۈمدىن يا-
مانراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ۋىجدانسىزلىقتىن
ئۆلۈمنى ئارتۇق كۆرۈپ، ۋىجدانلىق ئىنسان سۈپىتىدە ئۆز
ھاياتىنى قۇربان قىلدى. مانا ئەشۇ بىرىنچى ئۈگۈنۈش كېرەك،
سوزۇمگە چۈشۈنۈۋاتقانسەن؟

سۈلڭ يۈي: خوش تەخسىر، مەن ئەمدى چۈشەندىم،
بولۇپمۇ تارىخىي شارائىت ماڭا خېلى ئايدىڭلىشىپ قالدى؛ مەن
بويىغا تېخىمۇ قايىل بولدۇم.

چۇي يۈەن: ئادەمنىڭ خۇلقى - ۋىجدانى ئۇرۇش - جې-
دەل ژىللىرىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەن. تېچ ۋاقىتلاردا،
ئادەم بولۇش، تەقدىرنىڭ بىۋاپالىقىنى كۆرمەستىن، ئەشۇنىشسىز
ياشاش ۋە ئارامى خۇدا ئولۇش، ئەلۋەتتە، ئاسان. ئەمما ئې-
غىرسىناق ژىللىرىدا ئىنسانىي خىسلەتنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى

ئەس. بۇنىڭ سەۋەبى، بىز ھەممىمىز ھاياتنى تولىمۇ قەدىرلەيمىز ۋە ئۆلۈمدىن بەك قورقۇمىز؛ ياشاش كېرەك بولغان چاغدا ئەنسىز ياشايمىز. ئۆلۈم سائىتى كەلگەندە مەرتلەرچە ئۆلۈشنى بىلمەيمىز. ئادەم ئۆزىنى ئەنە شۇنداق زايا قىلىۋېتىدۇ. (بىر ئاز توختاپ.) بىز ئاجايىپ تەۋرىنىشلەر بولۇۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بويىنى ئېغىزغا ئېلىۋاتىمەن؛ ئۇنى ئۆلگە قىلىش كېرەك. سېنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك، ئوزەممۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك. ياشىغاندىمۇ يارلاق ياشاش كېرەك، ئۆلگەندىمۇ مەرتلەرچە ئۆلۈش كېرەك، سوزۇمگە چۈشۈنۈۋاتامسەن؟

سۇڭ يۈي: چۈشۈنۈۋاتىمەن، ئۇستاز.

چۈي يۈەن: خوپ، مەن كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. بۈگۈن ھاۋانىمە دېگەن ياخشى. جۈر، دالاغا چىقىپ، بىر ئاز سەيلى قىلايلى.

سۇڭ يۈي: ئۆزلىرى بىلەن ھەمنۇنىيەت بىلەن بىللە بارىمەن. (چاكىنى سول قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئالىدۇ.)

*ئىككىيلەن باغنىڭ كوچا ئىشىكىگە قاراپ ئاستا ماڭىدۇ.*

*شەن جۈەن ئالدىراپ كىرىپ كېلىدۇ.*

شەن جۈەن: (چۈي يۈەننىڭ ئالدىغا بېرىپ.) ئۇستاز! ئۇستاز! مەھرەمبەگ جىن شياڭ سىلىنىڭ قاشلىرىغا كەپتىكەن. جانابلىرىغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

چۈي يۈەن: نېمە گەپ قالدۇردى؟

شەن جۇەن: مەھرەمبەگ جىن شياڭ مۇنداق دەيدۇ: جاڭ يى ۋېي پادىشالىقىغا بارماقچى. پادىشا سىلىنىڭ مەسلەھەتلىرىنى قوبۇل كۆرۈپ، جاڭ يىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ، چى پادىشالىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزمەيدىغان بوپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ يى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، چىن پادىشالىقىغا قايتىشتىن خىجىل بولۇپ ئۆز ژۇرتى ۋېي پادىشالىقىغا قايتماقچى بوپتۇ. مەھرەمبەگ جىن شياڭ بۇنى ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن.

چۈي يۈەن: (خۇشال بولۇپ.) دۇرۇس، بۇ ياخشى خەۋەر ئىكەن. (سۇڭ يۈيگە قاراپ،) سۇڭ يۈي، سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇيمەن، چاپسان پۈتتۈرۈپ كەل.

سۇڭ يۈي: خوپ، ئۇستاز، بۇيرۇسىلا.

چۈي يۈەن: مەن ئىشلەيدىغان جوزىنىڭ ئۈستىدە بىر مەكتۇپنىڭ كۆپىيىسى بار. ئۇنى پادىشانىڭ تۈنۈگۈن چى پادىشاسىغا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا[1] يېزىشقا بۇيرۇغان ئەمرى بىلەن يېزىپ قويغان ئىدىم. شۇنى دەرھال ئاققا كۆچۈرۈپ قويغىن. جاڭ يى كېتىشكە قارار قىلغان بولسا، پادىشا ئۇ مەكتۇپنى دەرھال چى پادىشالىقىغا ئەۋەتىشى مۇمكىن.

سۇڭ يۈي: خوپ، كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، جاناپلىرىغا كۆرسىتىمەن. (شەن جۇەنگە قاراپ.) ماۋۇ جاڭنى سىز

تۇتۇپ تۇرۇڭ. (چاگىنى شەن جۇەنگە بېرىپ، سول ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.)

شەن جۇەن: (دېلىغۇل بولۇپ.) ئۇستاز، بايام مەھرەمبەگ قايتىش ۋاقتىدا، ماڭا يەنە بىر نەرسىلەرنى دەۋاتىدۇ.

چۇي يۇەن: نېمە دەيدۇ؟

شەن جۇەن: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەلىكەم ئۆزلىرىگىمۇ ئېيتىپتۇمىش، مېنى ئوردىغا ئۆز خىزمىتىگە يۆتكەپ كەتمەكچى بوپتۇ.

چۇي يۇەن: مەلىكە ماڭىمۇ ئېيتتى؛ لېكىن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتقاچقا، ساڭا ئۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز قىلمىدىم. شەن جۇەن، ئەگەر مەلىكە راستىنلا سېنى ئوردىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولسا، بۇنىڭغا رازى بولامسەن؟

شەن جۇەن: (كەسكىن ھالدا.) ياق، ئۇستاز، شەن جۇەن بۇنىڭغا رازى ئەمەس؛ شەن جۇەن جانابلىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

چۇي يۇەن: مەلىكىنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ ئۇ چېچەن، ساھىپ جامال ھەم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم.

شەن جۇەن: ياق، ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن. بەلكىم، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

چۇي يۇەن: سېنى ياخشى كۆرمەمدا؟ ئۇنداق بولسا نېمىشكە سېنى ئوردىغا يۆتكەيدۇ؟

شەن جۇەن: ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن،

ھەر قاچان ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام، بىر ئاز قورقۇمەن. ئۇنىڭ ۋىلانىڭ كۆزىگە ئوخشاش چار كۆزلىرى ماڭا مۆزدەك تىكىلىسە، تېنىم جۇغۇلداپ كېتىدۇ. ئۇستاز، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرسام، خۇددى بىر كەپتەردەك راھەت ھېس قىلىمەن؛ لېكىن مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسام، شۇڭقارنىڭ چاڭگىلىدىكى قۇچقاچتەك بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ئۇستازىم، مېنى بۇ جەبرى-جاپاغا ئەۋەتمىسىلە.

چۈي يۈەن: (كۈلۈمسىرەپ.) ناھايىتى ياخشى سۆيەتلىدىڭ. شۇنداق، مەلىكە سۈرلۈك ئادەم. ئەگەر ئوردىغا كېرىشنى خالىمىساڭ، ئۇ بۇ ھەقتە رەسمىي ئېغىز ئاچقاندا، سېنىڭ ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتاي. (شىپاڭ يېنىغا كەلگەندە ئىككى خىيال بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ، كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا پەلەمپەيگە چىقىپ، توغرى ياغاچ ئۈستىدە تۇرغان ئىككى پۇچۇق جۈيزىنى قولىغا ئېلىپ، بىردەم جۈپلەپ، بىردەم ئاجرىتىدۇ، لېكىن ئۇنى يېيىش نىيىتى يوق.)

شۇ چاغدا شەنجۈەنمۇ شىپاڭغا چىقىپ، چاينى جوزا ئۈستىگە قويۇپ، يەنە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شىپاڭدىن چۈشىدۇ.

شاھزادە زى لەن باغنىڭ ئوڭ يانىدىكى ئىشىكتىن كىرىدۇ. ئۇ 16-17 ياشلاردا بولۇپ، سول پۇتى سەل ئاقساپ ماڭىدۇ.

شەنجۈەن: ئۇستاز، شاھزادە زى لەن كەلدى.

چۈي يۈەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ. زى لەن شىپاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەلەمپەي ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپ تازىم قىلىدۇ.

زى لەن: سالام ئۇستاز! ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

چۇي يۈەن: (ئانچىكى جاۋاپ قايتۇرۇپ.) سالامەتمۇسەن، قېنى شىپاگىغا چىقىپ ئولتۇرۇڭلا.

شەن جۈەن زى لەننى باشلاپ شىپاگىغا چىقىدۇ.

چۇي يۈەن: تارتىنماي ئولتۇرىۋېرىڭلا.

چۇي يۈەن ئولتۇرمىغاچقا، بۇ ئىككىيلەنمۇ ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

چۇي يۈەن: ماۋۇ جۇيزىنى ھېلىراقتا شىيخىدىن ئۈزۈپ ئالغان ئىدىم؛ مەڭلا، سىلەگە بېرەي.

ئىككىيلەن قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ.

زى لەن: رەخمەت. ئۇستاز، يېقىندىن بۇيان كەيپىلىرى قانداق؟

چۇي يۈەن: ناھايىتى ياخشى. يېقىندىن بۇيان كەيپىم ناھايىتى چاغ. سىېنى كۆرمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولدى، ئۆيدە دەرس تەكرارلىغان ئوخشىمامسەن؟

زى لەن: ياق، ئۇستاز. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان زۇكام بولۇپ قالدىم، ئانام دەم ئېلىۋال دەپ ئۆيدىن چىقارمىدى. بۈگۈن ئانام ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگىن دەپ چىقارغان ئىدى. (سەل - پەل يوتۇلۇپ قويىدۇ.)

چۇي يۈەن: مەلىكە مېنى قىچقىرىۋاتامدۇ؟! نېمە ئىش بار ئىكەن، سەن بىلەمسەن؟

زى لەن: ياق، مەنمۇ ئانچە بىلمەيمەن. لېكىن، ئېھتىمال،

جاڭيىنىڭ قايتىشى توغرىسىدىكى ئىش بولسا كېرەك. دادام بۈگۈن چۈشتە جاڭيىغا ئۇزۇتۇش چېيى بەرمەكچى...... جاڭيىنىڭ قايتماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانام بىر ئاز رەنجىپ قاپتۇ. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن جاڭيى ئۇشتۇمتۇت مەھرەمبەگ بىلەن بىللە دادام بىلەن خەيرلەشكىلى كەلدى. جاڭيىنىڭ ئېيتىشىچە، چىن پادىشاسى دادامنى ھۆرمەتلەيدىكەن؛ چى پادىشالىقىنىڭ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولمىغانلىقىدىن نارازى ئىكەن؛ شۇڭا 600 لى يەرنى تەقدىم قىلىپ، چۇ پادىشالىقىنىڭمۇ چى پادىشالىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە تەكلىپ قىلماقچى بولغان ئىكەن. دادام جاڭيىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، چى پادىشالىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ماقۇل كەلگەنىكەن، ئۇ يەنە چىن پادىشالىقىغا قايتىپ بېرىشنى ئارگىلىپتۇ. ئۇ ئۆز ژۇرتى ۋېي پادىشالىقىغا قايتماقچى بوپتۇ. ئۇيەنە، ۋېي پادىشالىقىدا ھۆر- پەرىلەرگە ئوخشاش ساھىبجامالالار ناھايىتى كۆپ دەيدۇ؛ ئۇشۇنداق گۈزەللەردىن بىرنى تېپىپ، دادامغا سوغات قىلماقچى بولدى.

چۇي يۈەن: ھە، جاڭيى شۇنداق دېدىما؟

زى لەن: شۇنداق دېدى. شۇڭا ئانامنىڭ جەھلى قاتتى. ئۇ يەنە تۈنۈگۈن ئاخشام مەھرەمبەگ جىن شياڭنى چاقىرتىپ، يول خىراجىتى ئۈچۈن بىرمىڭ بەشيۈز داچەن سوغا قىلدى.

چۇي يۈەن: بىرمىڭ بەشيۈز داچەن؟

زى لەن: شۇنداق، مىڭ داچەن جاڭيىغا، بەشيۇز داچەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىغا ئىكەن.

چۈي يۈەن: جاڭيى ئۇ پۇلنى ئالامدۇ؟

زى لەن: تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلمىدىم. لېكىن مېنىڭچە، ئالغاندەك تۇرىدۇ، شۇنچە كوپ پۇلنى ئالماي قالارمۇ!

چۈي يۈەن: بۇ گەپكە قارىغاندا، ئۇشەيتانلار يەنە سىھىر-ۋازلىق قىلىۋېتىپتۇدە!

زى لەن: مەنمۇ بىرئاز ھەيران بولدۇم. ئېھتىمال، شۇ سەۋەبتىن ئانام ئوزلىرىنى يارقەمگە تەكلىپ قىلسا كېرەك.

چۈي يۈەن: خوپ، سەن كۈتۈپ تۇر، كىيىملىرىمنى يوتكەپ چىقاي، ئاندىن بىللە بارايلى. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر. (شەن جۈەنگە قاراپ.) شەنجۈەن، سەن شاھزادىغا ھەمرا بولغۇن. لېكىن گۈللەرنى سۇندۇرۇپ زۇرمەڭلە.

زى لەن: ئۇستاز، خاتىرجەم بولسىلا. مەن گۈللەرنى نا-ھايىتى قەدىرلەيمەن.

چۈي يۈەن: ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى. مەن بىردەم-دىلا قايتىپ كېلىمەن. (شىپاڭنىڭ يەلەمپىيىدىن ئاستا چۈشۈپ، باغنىڭ سول ياندىكى ئىشىگى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

ئىككى يەلەن شىپاڭنىڭ ئاغزىدا تۇرە تۇرىدۇ.

زى لەن: (چۈي يۈەننىڭ كەتكىنىنى كورۇپلا شوخلۇق قى-لىشقا باشلاپ، شەن جۈەننى قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، شىپاڭنىڭ

ئىچىگە تارتىلىدۇ.) شەنجۈەن، كەل، ئولتۇرۇپ مۇڭدىشايلى.

شەنجۈەن: (قولىنى تارتىپ ئېلىپ.) مېنى تارتماڭ، ئۆزەم ئولتۇرۇشنى بىلىمەن.

زى لەن: ماقۇل. مەن سېنى تۇرە تۇرۇپ چارچاپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدىم. (ئۇزى شىپاڭنىڭ ئاغزىدىلا ـ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ، سول يېنىغا قارايدۇ.)

شەنجۈەن: (پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ.) شاھزادە، سىزمۇ جۈيزىگە ئېغىز تېگىڭ. (قولىدىكى جۈيزىنىڭ بىر پارچىسىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ بېرىدۇ.)

زى لەن: ياق، مېنىڭ يېگۈم يوق. ئۇستاز بۇنى ھەر بىرىمىزگە بىرىمدىن بەردى. بۇنىڭدا بىر مەنا بار. مېنى بىرىم ھېساپلاپ، سېنىمۇ بىرىم ھېساپلاپ، ئىككىسىنى جۈپلىسەك پۈتۈن بولامدۇ؟

شەنجۈەن: مۇشۇنداق بىمەنە گەپلەرگە تولىمۇ ئامراقسىز.

زى لەن: سەن بىمەنە دەۋاتىسەن؛ لېكىن بۇنىڭ خېلىلا مەنىسى بار. شەنجۈەن، سەندىن شۇنى سورىغۇم كېلىدۇ: ئۇستاز مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلدىمۇ؟

شەنجۈەن: ئۇستاز سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلمىدى، لېكىن ياخشى گېپىڭىزنىمۇ قىلمىدى.

زى لەن: ئەلۋەتتە، ئۇستاز نەدە مېنىڭ ياخشى گېپىمنى

قىلسۇن! ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ماھىر ۋە سەندىن
ئوتە نازۇك كەلگەن سۇڭيۈي ئاكىسىنى ياخشى كۆرىدۇ! ھەقىچان
ئۇنى يەنە ساپ كۆڭۈل، تىرىشچان، ئەدەپلىك دەپ ماختىغاندۇ.
ئۇستاز ئەنە شۇنداق زەيپانە، سەتەڭ ئاكىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

شەنجۇەن: سىز يەنە بىرادىرىڭىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋا-
تىسىزغۇ!

زى لەن: شەنجۇەن، كۆڭلۈڭدىكى ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىپ
قويدۇم ھە؟

شەنجۇەن: (بىر ئاز خاپا بولۇپ.) كىم مېنىڭ كۆڭ-
لۈمدىكى ئادەمكەن؟ قارىسىغا گەپ قىلماڭ!

زى لەن: قارىسىغا گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، مېنى بىلمەيدۇ
دەمسەن! ئاشۇ مىيانە، سەتەڭ ئاكا سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئادەمشۇ!

شەنجۇەن: قويۇڭا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن.

زى لەن: (ئورنىدىن تۇرۇپ،) ئۇنى ياخشى كۆرمەسەڭ!
كىمنى ياخشى كۆرىسەن؟

شەنجۇەن: ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى ياخشى
كۆرىمەن.

زى لەن: (ئېگىشىپ، چىرايىنى ئېچىپ.) مېنى ياخشى
كۆرىسەنغۇ دەيمەن؟

شەنجۇەن: مەن سىزنىڭ ئازاپ چېكىشىڭىزنى ياخشى
كۆرىمەن. (قولى بىلەن ئىشتىرىۋېتىدۇ.)

زى لەن: (قۇچاغلاشقا ئىنتىلىپ.) ئۆزەڭنى ئازاپقا سالـ مەن! شەنجۇەن غىپ قىلىپ پەلەمپەيدىن ژۇگۇرۇپ چۈشىدۇ؛ زى لەن ئۇنى تۇتالماي سۇنغان قولى بىكار كېتىپ، پەلەمپەيدىن دومىلاپ چۈشكىلى تاس قالىدۇ.

شەنجۇەن: (قورسىقىنى تۇتۇپ بولۇقلاپ كۈلىدۇ.) ها ـ ها ـ ها!...... ئاقساق شاھزادە، خوپ بولدى! ئازاپ چەكتى دېگەن ئەنە شۇ!

زى لەن: (ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاچچىقى بىلەن.) ھۇ!.. مۇسۇلمىيان! خەپ ئەدىۋىڭنى بەرمىسەم! (سەل ئاقساق پۇتىنى سۆرەپ، پەلەمپەيدىن ئىلدام چۈشىدۇ؛ پەلەمپەيدىن چۈشكەندە يەنە پۇتلىشىپ ژىقىلىپ چۈشىدۇ.)

شەنجۇەن: (قېچىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، زى لەننىڭ ژىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ، يەنە قاقاخلاپ كۈلىدۇ.) ها ـ ها ـ ها!...... ئاقساق شاھزادە، قېنى، باتۇر بولسىڭىز كەلمەمسىز!

زى لەن: (ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ، پەلەمپەينىڭ تۈۋەنكى باسقۇچىدا ئولتۇرۇپ، يەنە قوغلىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئوڭ تىزىنى ئۇۋۇلايدۇ.) خەير، پۇتۇم كاشىلا قىلدى؛ بولدى، مەن ساڭا تەڭ كېلەلمىدىم.

شەنجۇەن: (بىر ئاز ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە، لېكىن يېقىن كېلىشنى خالىماي.) مۇبارەك بولسۇن، سىزگە مۇبارەك!

ئوڭ پۇتىڭىزمۇ ئاقسىدىمۇ؟ ھەر ئىككى پۇتىڭىز ئاقسىسا، تەگىشـ
لىپ قالىدىغۇ! (يەنە كۈلىدۇ.)

زى لەن: (خورسىنىپ.) ھەي زالىم! پۇتۇمنىڭ بىئەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، رەھىم قىلىش ئورنىغا كۆڭلى قا- رىلىق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ زاڭلىق قىلىۋاتىسىنا! بىلەم- سەن؟ ئايالنىڭ كۈلكىسى يامانلىقنىڭ ئالامىتى، بۇرۇنقى ۋاقىتتا جۇ پادىشاسى يۇۋاڭ ئۆزىنىڭ قەدىناز مەلىكىسى باۋسىنى كۈل- دۈرۈش ئۈچۈن، دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش پوتەيدا بەگ- تورلەرنى ئاخماق قىلغاندا، مەلىكە باۋسىنىڭ بىر كۈلۈشى پا- دىشالىقنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. چى پادىشاسى چىڭ گوڭنىڭ ئانىسى شياۋتۇڭشۇزى جىڭ پادىشالىقنىڭ تۆرىسى- شى كېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندىمۇ؛ شياۋ تۇڭشۇزىنىڭ ئەنە شۇ كۈلۈشى چى پادىشالىقىنى يېڭىلىققا ئۇچراتقان. سەن ماڭا كۈلدۈڭ، ئالدىرىماي تۇر، ئۆز ئەجىلىڭدە ئۆلمەيسەن!

شەنجۇەن: (جىددىي قىياپەتكە كىرىپ.) يامانلىقنى ئۆزىڭىز قىلدىڭىزغۇ.

زى لەن: ماقۇل، بوپتۇ. مەن يامانلىق قىلغان بولدۇم. شۇڭا بۇنىڭ جازاسىنى تارتتىم. ھازىر ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمايۋاتىمەن. (ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنغان، لېكىن تۇرالمىغان بولىدۇ.) شەنجۇەن، ئاپپاق قىز، ئوبدان ھەدە، مېنى يۆلەپ قويساڭچۇ؟

شەنجۇەن: (تەرەددۇتلىنىپ.) يۆلەپ قوياي، لېكىن ئەمدى

يەنە يامانلىق قىلمىسىڭىز كەن.

زى لەن: ئەمدى يامانلىق قىلمايمەن. سەنىڭدىن تىلەي، ئۇستاز چىقىپ قالمىسۇن.

شەنجۇەن: (بىر ئاز پەخەسلىك بىلەن زى لەنىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.) ماقۇل، سىزنى يۆلەپ قوياي. (يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ.)

زى لەن: (پۇتلىرىنى رۇسلاپ ئېلىپلا، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ شەنجۇەننى قۇچاغلاپ، سۆيۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.) ھەجەپ ياخشى بولدى، ئەمدىغۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!

شەنجۇەن: (تىترىگىنىچە.) ھۇ... ئالدامچى! ئاقساق تۈلكە! (زى لەننى كۆچەپ ئىتتىرىۋېتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا، جۇيزە دەرەخزارلىقىغا قاراپ قاچىدۇ.)

زى لەن شەنجۇەننى قوغلايدۇ؛ جۇيزە دەرەخلىرىنى ئارىلاپ، بىرسى قاچىدۇ، بىرسى قوغلايدۇ.

چۈي يۈەن سول ئىشىكتىن كىرىدۇ.

چۈي يۈەن: نېمە قىلىشىۋاتىسەن؟

زى لەن: (قەستەنگە خورسىنغان قىياپەتتە.) ئۇستاز، شەنجۇەن مېنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ. مېنى ژىقىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى «ئاقساق تۈلكە» دەپ ھاقارەتلىدى.

شەنجۇەن: ياق، ئاۋال ئۇ ئۆزى مېنى بوزەك قىلدى.

چۈي يۈەن: (شەنجۇەنگە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن.) شەنجۇەن، مېنىڭچە يەنە ئېيىپ سەندە، ئۇ مېيىپ بولغانىدىن

كېيىن، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشىڭ كېرەك. تىمىشكە ئۇنى بوزەك قىلالىتىسىڭ؟ (بىر ئاز توختۇۋېلىپ.) ھەرقانداق ئادەمدە قارشىلىق كۆرسۈتۈدىغان خىسلەت بولۇشىمۇ لازىم، شەپقەت قىلىش روھىمۇ بولۇش لازىم. بولۇپمۇ سىلەر ياشلار، ئۆز جاسارىتىڭلارنى ھەرگىز ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش يولى بىلەن كۆرسەتمەسلىكىڭلەر لازىم. مەن سىلەرگە ھېمىشە شۇنداق دەپ كېلىۋاتىمەن.

شەنجۇەن: (كەمتەرلىك بىلدۈرۈپ.) ئۇستاز، مەن خاتالىشىپتىمەن. جانابلىرىنىڭ نېسىھەتلىرىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايمەن.

چۈي يۈەن: (زىلەنىڭ قولىنى تۇتۇپ.) جۆر، زىلەن، مەلىكىنىڭ يېنىغا بىللە بارىلى.

چۈي يۈەن بىلەن زىلەن ئوڭ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىدۇ.

—— پەردە.

# ئىككىنچى پەردە

چۈپادىشاسى ئوردىسىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيلەر. سەھنە ئۇدۇلىدا قاتار قىلىپ ئورنىتىلغان تۆرت ژۇمۇلاق توق قىزىل تۈۋرۈك. ئوتتۇرىدا تەنتەنى-لىك زىيايەتلەر ۋە مىراسىم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياسالغان چوڭ زال. بۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ئىككى ئۆي. زالنىڭ ئارقا تېمىغا قېدىمقى سۈرەتلەر ئېسىلغان. زالنىڭ ئوڭ-سولىدىكى ئۆيلەر بىلەن زال ئارىلىقىدىكى ئىشىكلەرگە ۋە دەرىزىلەرگە نېپىز پەردىلەر تار-تىلغان. بۇ ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنى پەردىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارقا تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىشلىرى ئارىسىدىن ھالقا ئۆتكۈزۈلگەن يى-رتقۇچ ھايۋاننىڭ بېشى بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن ھالقىق بىر ئىشىك. بۇ ئىشىك ۋە تاملار رەڭدار سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن.

ئوڭ تەرەپتە (مۇزىكانتلار) ئۆيى، بۇ ئۆينىڭ گالدىرىنى تۈۋرۈك، پەلەمپەي، پەردە ۋە تام رەسىملىرى بار. بۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئۇدۇلدى-كىگە ئوخشاش. (بۇ ئۆي غەرپ تەرەپتە بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ رەڭگى ژۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش، پەردىلەر ئاق).

سول تەرەپتە (غەزەلچىلەر) ئۆيى، زىننەتلىنىشى ئاۋالقىلارغا ئوخشاش، (بۇ ئۆي شەرق تەرەپتە، تۈۋرۈكلەرنىڭ رەڭگى ژۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش، پەردىلەر كۆك).

ئوتتۇرىدىكى بوشلۇق مەيدان. ئۇدۇلدىكى بىنالار بىلەن ئىككى يان-

دىكى بىنالار بىر- بىرىگە تۇتاشقايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا مەيدانغا تۇتۇشۇدىغان يان يوللار بار.

چوڭ زالدا پادىشانىڭ تەختى قويۇلغان، تەختىنىڭ ئىككى يېنىدا پەرەڭ تۇرۇندۇق.

پەردە ئېچىلىدۇ. مەلىكە جىلغىسىز پەلەمپەيدە تۇرۇپ، كېنىزەكلەرگە زالنى تۈزەتتۈرۈدۇ. تەختىنىڭ ئۈستىگە ۋە ئالدىغا يولۋاس تېرىسى سالدۇرۇدۇ. ياندىكى ئورۇندۇقلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاپلان تېرىسى سالدۇرۇدۇ. يەنە بىر نەچچە كېنىزەك يان تەرەپتىكى ئۆيلەردە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئەرتىپ- تۈزۈتۈدۇ. مەلىكە 34 - 35 ياشلاردا قەددى ۋە قامىتى كېلىشكەن. كېنىزەكلەر ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەلىكە زال ۋە ئۆيلەرنى بىر قۇر كوزدىن كەچۈرۈپ، قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەلىكە: سىلەر ئىشنى تېز تامام قىلدىڭلار، مەن ئۆلگۈرەلمەسمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغان ئىدىم، ھازىر قارىسام- ھەممە جايىدا بولۇپتۇ.

بىرىنچى كېنىزەك: مەلىكەم، يولىيورۇق بېرىشىلىرىنى سورايمەن، ئۆيلەرنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىۋېتىش لازىممىكىن؟

مەلىكە: ياق، ئۇلارنى، چۈشلۈك تاماقنا ئولتۇرغاندا ئېچىڭلار. غەزەلچىلەر بىلەن ئۇسۇلچىلار تەييارلاندىمۇ؟

ئىككىنچى كېنىزەك: ھەممە تەييارلىنىپ بولدى. غەربىي ئويىنى غەزەلچىلەرگە، شەرقىي ئويىنى ئۇسۇلچىلارغا تەييارلىدۇق.

مەلىكە: ئوبدان بوپتۇ. ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇڭلار. كېچىكىپ قالمىسۇن ھەم تەرتىپنى بۇزمىسۇن.

كېنىزەكلەر: خوپ، بىز ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوبدان دىققەت قىلايلى.

مەلىكە: مېنىڭچە، ۋەزىپىلەرنى ئوز-ئارا تەخسىم قىلىپ ئالغان ياخشىراقمىكىن. (بىرىنچى كېنىزەككە.) سەن چالغۇ-ساز بىلەن شاراپ قويۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇسەن. سەن (ئىككىنچى كېنىزەككە.) ناخشا-ئۇسۇلغا مەسئۇل بولۇسەن. ئوزەڭلەرگە ياخشى ياردەمچى تاللاپ ئېلىڭلار. ئەگەر زىياپەت كۆڭۈللۈك ئوتسە، مەن سىلەرنى مۇكاپاتلايمەن. ئەگەر ياخشى ئوتمىسىچۇ... سىلەر مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسىلەرغۇ.

كېنىزەكلەر: (يۈزىدە قورقۇش ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە جانلىنىش.) خوپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن تىرىشىمىز.

مەلىكە: ئۇنداق بولسا ياخشى. ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار توغرىسىدا مېنىڭ يوليورۇقلىرىمنى كۈتمىسەڭلەرمۇ بولۇدۇ، ئوزەڭلەرنىڭ تەجرىبەڭلەر يېتەرلىك، ئىشنىڭ ئەڭ مۇھىمى، بىر نەرسە لازىم بولۇپ قالغان چاغدا، ناھايىتى چەبدەس بولۇڭلار، ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىشلارنىڭ ئورۇنلىنىشى بىلەنلا بولۇپ قالماي، بەلكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بالدۇردىن نەزەردە تۇتۇپ، تەييارلىق قىلىڭلار. پادىشاھىمىزنىڭ مىجەزى ئوزەڭلەرگە ئوبدان مەلۇم. خاتالىقلار

تۇغۇلۇپ قالسا باش بىلەن جاۋاپ قىلىسىلە.

كېنىزەكلەر: خوش، بىلدۇق.

مەلىكە: بولۇدۇ، بېرىڭلا. ئەگەر مەھرەمبەگ جىن شياڭ كەلسە، دەرھال بۇ يەرگە باشلاپ كىرىڭلا؛ كۈتۈۋاتقانلىقىمنى ئېيتىڭلا.

كېنىزەكلەر: خوپ، (تازىم قىلىپ زالدىن چىقىپ كېتىدۇ.)

مەلىكە پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈدۇ ۋە زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. بىرىنچى كېنىزەك سول ياقتىن جىن شياڭنى باشلاپ كىرىدۇ. جىن شياڭ زىلۋا بوي، ئوتتۇرا ياشلىق، قوش بۇرۇن، قۇرغۇي كوز، ئىككى قوۋزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ھەر كەتتە چاققان بىر ئادەم.

بىرىنچى كېنىزەك: مەلىكەم، مەھرەمبەگ جاناپلىرى كەلدى

مەلىكە ئارقىسىغا قارايدۇ. جىن شياڭ ئىلگىرىلەپ كېلىدۇ.

جىن شياڭ: (تەكەللۇپ بىلەن تازىمنى بىجا كەلتۈرۈپ.) سالام مەلىكەم!

مەلىكە: (پەرۋاسىزلىق بىلەن بېشىنى بىر ئاز ئېگىپ قويۇدۇ؛ بىرىنچى كېنىزەككە قاراپ.) بولدى، سەن چىقىپ كەت.

بىرىنچى كېنىزەك بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ تازىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

مەلىكە: (ئوڭ تەرەپتىكى پەلەمپەيگە چىقىپ.) مەھرەمبەگ، تۈنۈگۈن سىزگە تاپىلىغان ئىش قانداق بولدى؟

جىن شياڭ: مەلىكەم، مەن ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا ئاللىقاچان كېلىپ، ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما تۈنۈگۈن بەكمۇ كەچ قاپتىمەن، بۈگۈن ئەتىگەن چۈشلۈك زىياپەتكە ھازىرلىنىش بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلىشقا ۋاقتىم بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھىمىز تېخى بايىلا سارايدىن چىقىپ كەتتى، مەن پادىشاھىمىزنى چۆي يۈەنىنىڭ قېشىغا بارسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇيەرگە بارغان ئىدىم. لېكىن ئۇيەرگە بارماپتۇ؛ ئۇ ئېھتىمال، باش ۋەزىر زى جۇنىڭ ئۆيىگە بارسا كېرەك.

مەلىكە: (بىر ئاز ئاچچىقلىنىپ.) بۇنداق ئەزىملىكنىڭ نېمە كېرىكى بار! مەن سىزدىن تۈنۈگۈن جاڭيى بىلەن كورۇشكەنلىكىڭىز توغرۇلۇق سوراۋاتىمەن!

جىن شياڭ: خوپ، مەلىكەم. مەن ئۆزلىرىگە ھەممىسىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرەي. مەن چۆي يۈەنىڭكىگە باردىم، چۈنكى پادىشا شۇ يەرگە بارغان بولسا، يەنە چۆي يۈەنىڭ پىكرىگە بېرىلىپ كېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن، پادىشا ئۇنى بۈگۈنكى چۈشلۈك زىياپەتكە چاقىرامدىكىن دەپ قورقتۇم: ئۇنداق بولغاندا ئىشىمىز قىيىن بولاتتى. بەختكە يارىشا، پادىشا ئۇيەرگە بارماپتۇ. مەن يېگىلا ئۇيەردىن قايتىپ كەلدىم، پىكرىمچە، پادىشا باش ۋەزىر زى جۇنىڭكىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسا،

ھەممە ئىشنى چايىدا. پادىشاھ ، ھەممەنى قىلىپ ، باش ۋەزىر زىجونى زىياپەتكە چاقىرغان تەغدىردىمۇ ، بەرىبىر ئۇز ئىشىمىز توغرۇلۇق سوز ئېچىشى مۇمكىن . زىجو قېرىپ ئالجىپ قالاي دېگەن بىر ئادەم .

مەلىكە : ۋاي - ۋۇي ، مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاپ بەرسىڭىز - چۇ! سوزنى بۇنداق ئايلاندۇرۇۋېرىشىنىڭ نىمە ھاجىتى بار ؟

جىن شياڭ : خوپ ، خوپ ، ھازىرلا گەپنىڭ ئوزىگە كېلىمەن . مەسىلە ناھايىتى مۇرەككەپ ، قىيىن ، شۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىنى باشتىن ئاياقىچە تولۇق بايان قىلىش كېرەك . ئوزلىرىگە مەلۇم ، مەلىكەم ، سەۋىر قىلسا غورىدىن ھالۋا پىشار ، تېزرەك نەتىجىگە ئېرىشىشنى خالىساق ، ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك بولىدۇ .

مەلىكە : (يەنە ئاچچىقلىنىپ . ) ھەي ، مۇنۇ ئادەمنى! خۇددى بىر نەرسىنى كوشىگەندەك ئىزىپ كەتتىغۇ .

جىن شياڭ : (قەستەنگە قورقان ھالدا . ) خوش ، خوش ، مەن ھازىرلا گەپنىڭ ئوزىگە كېلىمەن . (ئەتراپقا بىر قاراپ چىقىپ ، ئاۋازىنى پەسەيتىۋېلىدۇ . ) تونۇگۇن ئاخشام جاڭ يىنىڭكىگە باردىم ۋە ئوزلىرىنىڭ سوغاتلىرىنى ئۇنىڭغا ئوز قولۇم بىلەن بەردىم . مەن مۇنداق دېدىم : «تورەم ، مەلىكە ماڭا ئوزلىرىگە سالام ئېيتىشنى ۋە بۇ ئادەتتىكىچە سوغاتنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى ، بۇ نەرسە ئوزلىرىنىڭ ۋە قول ئاستىلىرىدىكى كى-

شىلەرنىڭ ۋېيى پادىشالىقىغا بولغان سەپەرلىرىدە يول خىراجىتىغا ياراپ قالار، بۇ ئەرزىمەس سوغىتىمىزنى رەت قىلماستىن، ئىلتىپات قىلىپ قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن».

مەلىكە: مەن جاڭيى ئەمەس، ماڭا بۇ سۆزلەرنى تەكرارلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار. زادى جاڭيى سىزگە نېمە دېدى؟

جىن شياڭ: جاڭيى نېمە دېدى دېمەيلا؟ ۋاي ۋۇي! ئۇ بەك خۇشال بولدى. سوغاتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەلىكىگە ئېيتىڭ، مەن جاڭيى ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار. مەن چىن پادىشالىقىدىن چىققاندىن كېيىن، يول خىراجىتى ئۈچۈن بىر نەرسە كېرەك ئالمىغاچقا، مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىمنىڭ كىيىم-كېچىكى شۇنداق ئەسكىرىپ كەتتىكى، مېنىڭ بۇ ئالىي مەرتىۋەمنى ئۇياتتا قالدۇرغىدەك ھالغا يەتتى. مەن مەلىكىڭىزلەرنىڭ بۇ خالىسانە ئىلتىپاتى ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتتارمەن ۋە مېنىڭ نامىمدىن مەلىكىگە چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرۈشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن»

مەلىكە: ھەي، جېنىمغا تېگىپ، يەنە خۇددى سىز جاڭيىنىڭ ئۆزىدەك جاڭيىنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاۋاتىسىز! بۇ ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس! زادى جاڭيى مېنىڭ ئىلتىماسىمغا جاۋابەن نېمە دېدى؟

جىن شياڭ: ئۇ كۆپ سۆزلەرنى دېدى: سىلى مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا دەيمەن مەلىكەم. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق

دېدىم: «مەلىكەسورايدۇ، جانانپلىرى ۋىيې پادىشالىغىغا ھەققە-
تەن يات - يېقىندا باراملا؟» ئۇ: «ھەئە» دەپ جاۋاپ بەردى.
ئاندىن كېيىن مەن مۇنداق دېدىم: «مەلىكە، جانانپلىرنى ۋىيې
پادىشالىغىغا بېرىپ، بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئۈچۈن بىر قانچە
گۈزەللەرنى ئېلىپ كېلەرمىش دەپ ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ناھا-
يىتى خوشال بولغانلىغىنى جانانپلىرىغا ئېيتىشىمنى بۇيرۇدى».
مەلىكە: مەن نىمىشكە خوشال بولۇدىكەنمەن؟ كىم سىزنى
ئۇنداق دەڭ دېدى؟
جىن شياڭ: ۋاي، مەلىكەم ھېلى قانداقمۇ ئۇنداق دەپ
ئېيتالا، سىلى ئەبدىي دانىشمەن كىشىغۇ.
مەلىكە: سىز مېنى ئەخمىقانە سوزلەيدۇ دېمەكچىمۇسىز؟
ىلىپ قويۇڭكى، مەن سىزگە ئوخشاش ئەخمەق ئەمەس!
جىن شياڭ: ماڭا قارىسىلا، سىلىنىڭ خاپا بولغانلىق-
لىرىنى مەن جاڭ يىشا توغرىدىن-توغرى قانداقمۇ ئېيتارمەن؟
بىر چاغدا ۋىيې پادىشالىغىدىن كەلگەن بىر گۈزەلگە قانداق
مۇئامىلە قىلغانلىقلىرى يادىمىدا. سىلى مېنىڭ يەنە بىمەنى
سوزلىگەنلىگىم ئۈچۈن مېنى ئەيىپ قىلسىلا، بىر چاغدا ۋىيې
پادىشالىغىدىن ئېۋەتىلگەن بىر گۈزەل پادىشاھىمىزغا يېقىپ
قالغان چاغدا، ئۆزلىرى ھەرگىز كۆڭىدە شىلىك قىلمىغانىدىلا؛
ئەكسىنچە، ئۇ گۈزەلگە ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىپ، پادىشانىڭ
ئۆزىدىنمۇ ئارتۇغراق ياخشى كورگەنلىكلىرىنى ئىپادىلىگەنىدىلە،

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزلىرى ئاۋالقىدەكلا پادىشانىڭ كۆڭلىنى ئاللىلا، پادىشا ھەر قاچان ئۇزلىرىنىڭ كۈندەشلىك قىلمايدى-غانلىقلىرىنى ئېيتاتتى. كېيىن ئۇزلىرى نىمشقىدۇ ئۇ گۈزەلگە: «پادىشاغا بۇرنىڭىزدىن باشقا ھەممە يېرىڭىز ياقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشا بىلەن ئۈچراشقاندا بۇرنىڭىزنى يېپىۋالغان ياخشىراق» دېگەنتىلە. گۈزەل ماقۇل دەپ شۇنداق قىلغان ئىدى. پادىشا ئۇزلىرىدىن: «ۋېي پادىشالىقىدىن كەلتۈرۈلگەن گۈزەل مەن بىلەن ئۈچراشقاندا نىمىشكە بۇرنىنى ئېتىۋالىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇزلىرى: «ئۇ پادىشا سېسىق پۇرايدۇ-دەمدىكىن» دەپ جاۋاپ بەرگەنتىلا. شۇ سەۋەپتىن، پادىشاھىمىز گۈزەلنىڭ بۇرنىنى دەرھال كېسىپ تاشلىغان ئىدى. بۇ ئىشلىرى ناھايىتى چەۋەرلىك بىلەن قىلىنغان-دە!

مەلىكە: خوشامەتچىڭىزنىڭ ماڭا نىمە كېرىكى بار! ۋاي-يەي، مەن ھازىر ياش ئۇسمۇر ئەمەسقۇ. مەن ھەممىدىن كوپرەك جاڭ يىنىڭ قانداق پىكىردە ئىكەنلىگىنى بىلمەكچىمەن؛ مەن مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نىمە قىلىش لازىملىغىنى بىلىشىم كېرەك، سىز بولسىڭىز سوزنى تەكرارلاۋېرىپ مېنى زېرىكتۈرۈۋەتتىڭىز. يە سىز مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ!

جىن شياڭ: مەلىكەم، سىلى ھەرگىز تەشۋىش قىلمىسىلا. ئىشىمىزنىڭ ئۇتۇغى تەمىن ئېتىلىپ بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلىگە بىر-بىردىن ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن. ئەگەر

مەن بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسام مەن سىلەردىن ئارتۇغراق ئەندىشە قىلاتتىم.

مەلىكە: زادى ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ بۇ ئىشەنچىڭىز قانداق؟ سۆزنىڭ ئوچۇغىنى، توغرىسىنى ئېيتىڭ!

جىن شياڭ: ۋاي - ۋۇي، بۇ جاڭيى ناھايىتى ئېقىللىق ئىكەن. ئۇ مېنىڭ كۈتكىنىمدىنمۇ ئارتۇق بولۇپ چىقتى. مەن بۇ مەسىلىنى ئېيتار - ئېيتماستىن، ئۇ مەندىن: «مەلىكىنىڭ پىكرى ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «شۇنداق بولسا كېرەك، مەلىكە ھەقىقەتەن ماڭا شۇنداق دېدى» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئىككىلىنىپ، ئاندىن كېيىن ۋېي پادىشالىقىغا شۇ مەخسەت ئۈچۈنلا بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. گەپ شۇنىڭدىكى، پادىشاھىمىز چىن پادىشالىقىدىن جاڭ يىنىڭ كەلتۈرگەن شەرتلىرىنى قوبۇل قىلمىغان: پادىشاھىمىز چى پادىشالىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قوشۇلمايدىكەن ۋە چىن پادىشالىقى تەقدىم قىلغان يەرلەرنىمۇ قوبۇل قىلماپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭيى خىجىل بولۇپ چىنگە قايتالمايدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ۋېي پادىشالىقىغا قېچىشتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىكەن.

(بىر ئاز جىم بولۇپ.) خۇش شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆڭلىدە بار نەرسىنى ئېيتتى. گەپ، مېنىڭچە، ئۇنىڭ ۋېي پادىشالىقىغا گۈزەللەرنى تېپىش ئۈچۈن بېرىش - بارماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى بىر ئىلاجى قىلىپ، ئۇنى چىنگە قايتۇرۇشىمىزدا.

مەلىكە: سىز مەنە سۆزنى ئۈزارتىۋاتسىز؛ پادىشا چۈي يۈەننىڭ مەسلىھىتىگە كىرىپ، چى پادىشالىقىغا ئىتتىپاقلىقىمىز ۋە دوستلۇقىمىزنىڭ ئەبەدىي داۋام قىلىدىغانلىقىغا سۆز بەرمەكچى بولدى. شۇ مەخسەت بىلەن ئۇ سىزلەرگە پادىشالىق مەكتۇبىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاشنى تاپشۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭيى ۋېي پادىشالىقىغا كېتىش ئالدىدا پادىشا ئۇنىڭ شەرىپىگە خۇشلۇقۇش زىياپىتى تەييارلاپ قويدى. سىز جاڭ يىنى چىن پادىشالىقىغا قايتىشقا مەجبۇر قىلىشقا ئىشەنچ قىلالامسىز؟

جىن شياڭ: بۇنىڭغا ئىشەنچىم بار. بىز بۇگۈنكى زىياپەتتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. مەن جاڭيى بىلەن كېلىشىپ قويدۇم: بىز مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پادىشانىڭ چۈي يۈەنگە بولغان ئىشەنچىنى يوقۇتۇشىمىز لازىم! (ئاۋازىنى بىر ئاز كوتۇرۇپ زوق بىلەن سۆزلەيدۇ.) سىز بىلەن ماڭا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ. پادىشانىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمىزغۇ. مەن شەخسەن ئاللىقاچان قاتتىق قارارغا كەلدىم. مەن ئۇزلىرىنىڭ پۈتۈن ئەقلى- پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن!

مەلىكە: (ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغاندەك قىلىپ.) قېنى، سىز قانداق قارارغا كەلدىڭىز؟ ماڭا سۆزلەپ بېرىڭا (پەلەمپەيدىن چۈشىدۇ.)

جىن شياڭ: مەلىكەم. مەن بۇنى قولاقلىرىڭىزغا ئېيتىشقا

رۇخسەت قىلىشلىرىنى سورايمەن.

مەلىكە جىن شىياڭغا يېقىن كېلىدۇ، ئۇ مەلىكىنىڭ قولىغا پىچىرلايدۇ.

مەلىكە: (بېشىنى سەل ـ پەل چايقاپ.) لېكىن سىزنىڭ ئىشەنچىڭىز تولۇق ئاساسلىق ئەمەس.

جىن شىياڭ: شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلىنىڭ ياردەملىرىنى ئۈمىت قىلىۋاتىمەن.

مەلىكە: ھىم... مەن سىزگە توغرىدىن ـ توغرى ئېيتاي، بۇ توغرۇلۇق ئۆزۈمنىڭمۇ پىلانىم بار. جاڭ يى بىزنىڭ تەرىپىمىزنى ئېلىپ، جىن پادىشالىقىغا قايتىشقا ماقۇل دېسە، بولدى، بەس. ھەممىنى مۇشۇ ھەل قىلىدۇ. مېنى جاڭ يىنىڭ پوزىتسىيىسى ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ.

جىن شىياڭ: سىلىنىڭ سۆزلىرى ھەق، مەلىكەم، لېكىن ئۆز نىيەتلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلا، بەلكىم؟

مەلىكە: بۇنىڭ لازىمى يوق. «سىر ـ سىرلىقىدا قالمىسا، ئىش بۇزۇلىدۇ». پات يېقىندا سىز ھەممىنى ئۆزىڭىز كۆرىسىز. باش مىرزا ھازىر مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ.

جىن شىياڭ: (ھەيران بولۇپ.) نېمە! چوي يۈەن مەشەگە كېلەمدا؟!

مەلىكە: ھەئە، مەن زىيالەتنى ئۇنىڭغا ئېيتۋەتتىم، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ.

جىن شىياڭ: (ئەنسىرەپ.) ئۇنداق بولسا مەلىكەم، مەن

سىلىنىڭ مەخسەتلىرىنى ھېچ چۈشەنمەيمەن.

مەلىكە: مەن ئۆزەممۇ سىزنىڭ چۈشۈنۈشكىنىزنى خالىمايـ مەن. خوپ، شۇنداقمۇ بولسۇن، سىزگە راستىنلا ئېيتىپ قوياي: پادىشا ھەقىقەتەن باش ۋەزىر زى جۇنىڭكىگە كەتتى. كېتىدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭغا سىزنى تېزدىن ئېۋەتسىمەن دېگەن ئىدىم. سىز زى جۇنىڭكىگە بېرىڭ. ئۇرنى كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆز مۇلا- ھىزىلىرىڭىزنى ئېيتىڭ. زى لەن قايتىپ كەلگىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇندىن كېيىن بېرىڭ. (تاشقىرىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ.) جىم، بۇ يەرگە بىرسى كېلىۋاتىدۇ. دىققەت بىلەن ئاڭلاڭ (پەس ئاۋاز بىلەن داۋام قىلىدۇ.) ئېسىڭىزدە بولسۇن: سىز پادىشا بىلەن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنى سول تەرەپ بىلەن باشلاڭ (سول ياقنى كورسۇتىدۇ.) ئەلۋەتتە، خىز- مەتچى ئاياللارغا ئاۋال ئىشكىنى، ئاندىن كېيىن پەردىلەرنى ئاچتۇرۇپ، ئاندىن پادىشانى باشلاپ كىرىڭ. لېكىن، ماڭاقا- راڭ، ھەممىنى مەن بۇيرۇغاندەك ئېنىق ئورۇنلاڭ، ئىشنى پەر- ۋاسىزلىق بىلەن خاتا قىلىپ قويماڭ.

جىن شياڭ بېشىنى ئېگىدۇ، ھەر ئىككىيلەن تالاغا قۇلاق سالىدۇ. ئۇ- لارنىڭ دىققىتى سول ياقتىكى ئىشىكتە بولىدۇ.

چۈي يۈەن: (سەھنە ئارقىسىدا.) زى لەن، مېنى مەلىكەم قەيەردە كۈتۈۋاتىدۇ؟

زى لەن: (سەھنە ئارقىسىدا.) سىلىنى چوڭ زالدا كۈتۈ-

مەن دېگەن ئىدى. مېنىڭ ئارقامدىن ماڭسىلا.

سول ياقتىن چۈي يۈەن بىلەن زى لەن كىرىدۇ. ئۇلار مەلىكىنى كورۇپ توختايدۇ.

زى لەن: ئانا مەن ئۇستازنى باشلاپ كەلدىم.

مەلىكە: (ئوچۇق چىرايى بىلەن چۈي يۈەنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.) مىرزا جاناپلىرى، تازا ۋاقتىدا كەلدىلە! مەن سىلىنى تازا كۈتكەن ئىدىم.

چۈي يۈەن: (تازىم قىلىدۇ.) سالام، سەھەرلىرى خەيرلىك بولسۇن، مەلىكەم. مەن ئۆزلىرىگە قايسى ئىشقا لازىم بولدۇمكى؟

مەلىكە: مەن سىلىنىڭ ياردەملىرىگە بەك مۇھتاج. سىلى پادىشانى كوندۇرۇپتىلا: پادىشا چى پادىشالىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزمەيدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭيى ۋېي پادىشالىقىغا بارماقچى، پادىشا ھازىر ئۇنىڭ شەرىپىگە خوشلۇشۇش زىياپىتى بەرمەكچى. بىز مېھمانلار ئۈچۈن ناخشا ـ ئۇسۇللارنى تەييارلىدۇق، بىزگە سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرى زورۇر بولۇپ قالدى. بىز بىر ئاز مەسلىھەتلىشىپ ئالايلى. (جىن شياڭغا قاراپ.) مەھرەمبەگ، داستۇرخانچى ۋە ئاشپەزلەرنى چاقىرىپ، تېگىشلىك بۇيرۇقلارنى بېرىڭ. ئېھتىمال، پادىشا ئىتتىپاقنى چىڭىتىش ئۈچۈن قان بىلەن قەسەم قىلىشنى خالاپ قالار. شۇڭلاشقا سەدەپ تەخسە، مەر مەر دوشە تەييار بولۇشى لازىم.

جىن شياڭ: (ئېگىلىپ تازىم قىلىپ.) خوپ، مەن ھەم-

مىنى لايىغىدا ئورۇنلايمەن. كېتىشكە رۇخسەت قىلسىلا. (مەلـ-
كىنگە تەكەللۇپ بىلەن تازىم قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن چۈي يۈەنـ-
گە سەل - پەل ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ.) مىرزا جاناپلىرى باياتـ-
تىن، ھۇزۇرلىرىغا بېرىۋىدىم.

چۈي يۈەن: (جاۋاپ سالام بېرىپ.) كىچۈرسىلە، مۇلاقات بولالماپتىمەن.

جىن شياڭ: مېھرىبان شەن جۈەن قىز مېنىڭ تاپىلىغان سوز-
لىرىمنى ئېيتقاندۇ؟

چۈي يۈەن: ئېيتتى. رەھمەت سىلىگە.

مەلىكە: (زى لەنگەقاراپ.) زى لەن، «توققۇز مۇقام» ئۇ-
سۇلىنى ئورۇنلايدىغان ئۇسۇلچىلارنى بۇيەرگە چاقىرغىن. كىيىم-
لىرىنى كىيىپ، ياسىنىپ كىرسۇن.

زى لەن: ماقۇل ئانا. (مەلىكە بىلەن چۈي يۈەنگە تازىم
قىلىپ، جىن شياڭنىڭ ئارقىسىدىن ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن
چىقىپ كېتىدۇ.)

مەلىكە: (چۈي يۈەنگە قاراپ.) مىرزا جاناپلىرى، سىلى
بىلىلا، بۇبالىنى تەربىيىلەش بەك قىيىن بولدى. بىچارە ئاقسايدۇ،
تېنى ئاجىز، كوزىمىزدىن بىر ئازلا نېرى بولۇپ قالسا بىر بالاغا
يولۇقۇدۇ. يېقىندا ئۇ يەنە بىرنەچچە كۈن ئاغرىپ قالدى. سى-
لىنىڭ بىر مۇنچە دەرسلىرىگە قاتنىشالمىدى.

چۈي يۈەن: ھېچ ۋەقەسى يوق، شاھزادە ئېقىللىق بالا،

سالامەتلا بولسا ئوقۇماي قالغان دەرسلەرنى تولدۇرۇۋېلىشى تەس ئەمەس.

مەلىكە: ئانا ھەر قاچان شۇنداق زور ئۈمىت باغلايدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ ساغلام ۋە بىلىملىك بولۇشىنى خالايدۇ. لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىش قىيىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كۆپ كىشىلەرنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، مەن ئۇنى ئەركە قىلىپ قويۇپتىمەن! ئەمما شۇنىسى ياخشىكى، ئۇنىڭ ئۇستازى - سىلى، بۇنداق ئوبدان ئۇستاز بولغاندا، ئۇ ئەلۋەتتە، ئەقىللىق، ئۆتكۈر ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ.

چۇي يۈەن: ماختاشلىرى ئۈچۈن سىلىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن مەلىكەم. شاھزادە زى لەنگە بىر تۇققان ئىنىمدەك قارايمەن. ئۇ سالامەت، تېتىك، شات بولسۇن، ئۇنىڭ قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلىمەن.

مەلىكە: مەن سىلىدىن كۆپ مىننەتدارمەن. ئوغلۇم سىلىدەك، پۈتۈن ئالەمدە ئۆزىنىڭ ئالىي جانابلىق خىسلەتلىرى ۋە ئەدىبىي قابىلىيىتى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ئۇستازغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن بەختلىك. ھەتتا ئۇنىڭ ئانىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەنمۇ ئۆزەمنى ھەقىقەتەن بەختلىك سانايمەن.

چۇي يۈەن: لۇتپى كەرەملىرى ئۈچۈن سىلىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، مەلىكەم.

مەلىكە: زىلەتنىڭ ئاتىسىمۇ ھېمىشە شۇنداق دەيدۇ: چۇ پادىشالىقىدا شۇنچىلىك ئۇلۇق بىر كىشىنىڭ دۇنياغا كەل- گەنلىكى ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇقلىرىنىڭ پەزى- لەتلىرى تۈپەيلىدىن بولغان.

چۈي يۈەن: (تېخىمۇ كەمتەرلىك بىلەن.) كەمىنىلىرى بۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن، مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەس!

مەلىكە: چۈي يۈەن جانابلىرى، نېمىشكە سىلە بۇنداق كەم- تەرلىك قىلىلا؟ بىزنىڭ زامانىمىزدا باشقا بىر پادىشالىقتا — جە- نۇپتا بولسۇن ياكى شىمالدا، شەرقتە بولسۇن ياكى غەرپتە بول- سۇن، سىلىگە ئوخشاش يەنە بىر كىشىنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ سىلىدە ئەدىبىي تالانت، ئالىي جانابلىق، گۈزەل خۇلۇق يې- تىشكەن؛ ماڭا ئىشەنسىلە، ھەر قانداق پادىشا ئۆز سارىيىدا سىلىنى ۋەزىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەر بىر ياش سىلىنى ئۆزىگە ئۇستاز قىلغۇسى كېلىدۇ، ھەر قانداق ياش ئايال-قىز- لارمۇ ئۆزۈمگە ئەر قىلىۋالسام، دەيدۇ. بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

چۈي يۈەن: (تەشۋىش ھەم ھودۇقۇش بىلەن.) ھور- مەتلىك مەلىكەم، مەن راستىنى ئېيتسام، خېلىلا تەشۋىشلەندىم. يەنە بىر قېتىم پېتىنىپ سورايمەن، مېنى بۇ يەرگە چاقىرىشقا نېمە سەۋەپ بولدى؟

مەلىكە: ھوي، مەن ئارتۇقچە قىزىپ كېتىپتىمەن، سىلى،

ئېھتىمال، مېنى ئادەتتىن تاشقىرى گەپ سېتىپ كەتتى، دەپ گۇمانلانسىلا كېرەك. بايا مەن سىلىگە ئېيتقاندەك سىلىنى «توققۇز مۇقام» ئويۇنىغا چاقىرغان ئىدىم. سىلى ئىشلىگەن بۇ غەزەللەر ئاجايىپ گۈزەل. مېنىڭ پىلانىم مۇنداق. (قول بىلەن كۆرسۈتۈدۇ.) زالنىڭ ئۆڭ ۋەسول تەرىپىدىكى ئۆيلەردە سازەن-دىلەر ساز چالىدۇ. غەزەلچىلەر مانا بۇ ئۆڭ تەرەپتە ئوقۇيدۇ؛ روھلارنىڭ ئويۇنىنى ئوينايدىغان ئۇسۇلچىلار ① شەرق تەرەپتىكى ئۆيدىن چىقىدۇ. يەككە ئۇسۇلچىلار سول تەرەپتىكى ئۆيدە بىر نۆۋەتتىن ئوينايدۇ. جەمئىي ئون نۆۋەت ئوينۇلۇدۇ، ئاخىردا ئايلانما ئۇسۇل مانا بۇ مەيداندا ئوينۇلۇدۇ، «لى خۇڭ» غەزىلى ئىنتاھاسىغىچە تەكرار ئوقۇلۇدۇ. بۇ ھەقتە سىلىنىڭ پىكىرلىرى قانداق؟

چۇي يۈەن: ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

مەلىكە چۇي يۈەن بىلەن سۆزلۈشۈپ تۇرغان چاغدا، زى لەن ئۆڭ ياقتىن ئون ئۇسۇلچىنى باشلاپ كىرىدۇ؛ بۇلار ئۈستىگە ئاجايىپ كىيىم-لەرنى كىيگەن. يۈزىگە نىقاپ تارتقان؛ بۇلار چىڭخەيلىكلەرنىڭ روھلارنى يوقلاپ ئۇسۇل ئوينايدىغان ئۇسۇلچىلىرىغا ئوخشايدۇ. بىرىنچى ئۇسۇلچى— ئۇلۇق شەرق پىرى سۈرىتىدە، ئەر قىياپىتىدە ياسىنىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ يۈزلىرى كۆپكۆك، كۆرۈنۈشى يىركىنىشلىك، ئوڭ قولىدا ئۇزۇن قىلىچ، سول قولىدا جام؛ ئىككىنچى ئۇسۇلچى—بۇلۇت مۇئەككەلى سۈرىتىدە

① غەلىتە كىيىم ۋەنىقاپلار بىلەن ياسىنىپ ئۇسۇل ئوينىغۇچىلار—تەھ.

ياسىنىپ چىقىدۇ؛ بۇ، ئايال قىياپىتىدىكى يېرىم ئىلاھ، يۈزى كۈمۈشرەڭ، كۆزلىرى چىمىرلاپ تۇرىدۇ، كىيىمى زىننەتلىك، سول قولىدا كۈن، ئوڭ قولىدا ئاي؛ ئۈچىنچى ئۇسسۇلچى ــ شياڭ دەرياسىنىڭ مۇئەككىلى بولۇپ، يۈزى ئاق، كۆزلىرى كىچىك، گۈل ـ چېچەكلەردىن كىيىم كىيگەن، قولىدا نەي تۇتقان؛ تۆتىنچى ئۇسسۇلچى ـ شياڭ دەرياسىنىڭ ئايال مۇئەككىلى بولۇپ، يۈزى يېشىل، قالغان يەرلىرى شياڭ دەرياسىنىڭ بىرىنچى مۇئەككىلىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قولىدا كوپ كارنايلىق نەي؛ بەشىنچى ئۇسسۇلچى ـ تەقدىر مۇئەككىلى بولۇپ چىقىدۇ، ئەر قىياپىتىدە، يۈزى قارا، بېشىدا مۈڭگۈزى بار، قولىدا مىس ئەينەك؛ ئالتىنچى ئۇسسۇلچى ـ مۇھەببەت مۇئەككىلى، ئايال قىياپىتىدە، يۈزى قىزىل، قولىدا سۈپۈرگە؛ يەتتىنچى ئۇسسۇلچى ــ قۇياش مۇئەككىلى، شەرق ئىلاھى، ئەرچە قىياپەتتە، يۈزى توق قىزىل، قولىدا ئوقيا، ئۈستىدە سۇر كىيىم؛ سەككىزىنچى ئۇسسۇلچى ـ سېرىق دەريا مۇئەككىلى، ئەرچە قىياپەتتە، يۈزى سېرىق، قولىدا بېلىق بار؛ توققۇزىنچى ئۇسسۇلچى ـ تاغ مۇئەككىلى، ئايال قىياپىتىدە، يۈزى كۆك؛ قولىدا بىر تال شاخ بار؛ ئونىنچى ئۇسسۇلچى ـ ئۇرۇش مۇئەككىلى، يۈزى جىگەررەڭ، قولىدا قالقان بىلەن نەيزە بار، پولاتتىن كىيىم كىيگەن. ئون ئۇسسۇلچىنىڭ ھەممىسى زالغا كىرىپ پەلەمپەينىڭ يېنىدا تاشقىرىغا قاراپ تىزىلىپ تۇرىدۇ.

زى لەن: (مەلىكىنىڭ چوي يۈەن بىلەن بولغان سوھبىتىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى كۈتكەندىن كېيىن.) ئانا، ئۇسسۇلچىلارنى ئېلىپ كەلدىم.

مەلىكە: ياخشى (بىر ئاز ئويلىنىپ.) .ئانداق بولسا، بار. غەزەلچىلەر بىلەن سازچىلارنىمۇ چاقىرىپ كەل، رېپىتىسىيە

قىلدۇرۇپ كۆرەيلى. قانداق دەيلا، مىرزا، جاناپلىرى؟

**چۇي يۈەن:** ناھايىتى ياخشى! ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، ئايال خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇق بەرسەم، ئۇلارمۇ ھازىر بولسۇن.

**مەلىكە:** (دەرھال ئىشارەت بىلەن ئۇنى توختۇپ ئالىدۇ.) ياق، ياق، سىلى نىمە دەپ بارىدىكەنلا. زىلەن ژۇگەر، سەن بار. ۋەزىپىسى يوق ئايال خىزمەتچىلەر كىرمىسۇن! سەن ئوزەڭمۇ كىرمە!

**چۇي يۈەن:** مەلىكەم! شاھزادە زىلەن ئاران ماڭدۇ...

چۇي يۈەننىڭ سوزى تۈگە-تۈگمەستىن، زىلەن ئاقسىغان پېتى زالدىن چېپىپ چىقىپ كېتىدۇ.

**مەلىكە:** مەيلى، ھېچ گەپ يوق! ياش بالا بولغاندىن كېيىن كۆپرەك ھەركەت قىلسۇن، ئېغىر كەلمەس، مېنىڭچە، سىلىنىڭ نىسبەتلىرىمۇ شۇنداق. (ئۇسۇلچىلارغا ئورۇلۇپ قارايدۇ.) مېنىڭچە سىلەرنىڭ ئولتۇرغىنىڭلا ياخشىغۇ، دەيمەن - شۇنداق قىلساڭلا ئوبدانراق بولىدۇ. سىلە بۇ يەرگە كىرگەندە، شەرق تەرەپتىن كىرىشىڭلا كېرەك ئىدى، خەير، بوپتۇ، ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇڭلا.

ئۇسۇلچىلار ئولتۇرىدۇ.

**مەلىكە:** يەككە ئۇسۇلنى ئويدە ئويناپسىلە. ئەمما ھازىر ۋاقىت ئاز، شۇڭلاشقا، مېنىڭچە، پەقەت ھەممە قاتنىشىدىغان ئاخىرقى قىسىمنىلا ئىجرا قىلىشقا توغرى كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

(چوي يۈەن تەرەپكە قاراپ.) سىلىنىڭ پىكىرلىرى قانداق مىرزا جاناپلىرى؟

چوي يۈەن: بەلكىم، شۇنداق بولغىنى ياخشىراق. ۋاقىت ھەقىقەتەن ئاز.

مەلىكە: خوپ، پادىشاھىم پات قايتىپ كېلەر، ئۇ باش ۋەزىر زىجۇنىڭكىگە كەتكەن ئىدى. سىلى بىلىلا، ئۇ ئاجايىپ كۈتۈلمىگەن ئىشلارنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. گايىدا ئۇرغۇنلىغان ئەمگەك سەرپ قىلىپ، بىر ئىشنى تەپ-تەختى قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ بىردىنلا ھەممىنى بىكار قىلىۋەتمىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ تەتۈرسىچە، ئۇ، باشتا ئېيتىپ قويماستىن، ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى قىلىشقا كىشىنى مەجبۇر قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بار. بۇ ئىشلار بەزىدە مېنى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ھەي، بۇ ئۇنىڭ كەمچىلىكى. ئۇ باشقىلارنىڭ پىكرى بىلەن ھېساپلاشماي، پەقەت ئۆزىنىڭ كەيپىگىلا بېرىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى زىياپەتنى ئالايلى؛ بۇ توغرۇلۇق پەقەت ئاخشاملا ئېيتتى، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن زادىلا قايتمايدۇ. مانا قارىسىلا بۇنىڭغا چىداش ماڭا ئاسانمۇ.

چوي يۈەن: كۆرۈپ تۇرۇمەن، مەلىكەم، بۇ سىلىگە ئاسان ئەمەس، مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھەممىدىن بىخەۋەر بولۇپتىمەن. مەن بۇلارنى بايا مەھرەمبەگ جىن شياڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنلا بىلدىم. ياردەملىشەلمىگەنلىكىم ئۈ-

چۈن ناھايىتى مەيۈسمەن.

مەلىكە: مىرزا جاناپلىرى، خىجالەت بولمىسىلا، مەن ئۇ-
زەم سىلىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئالماقچى بولۇپ، بالدۇرراق سى-
لىگە خەۋەر قىلىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئەمما يەنە مەن سىلىنى
بۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن بىزاۋىتە قىلىشنى
ئوڭايسىزدەپ ئويلۇدۇم. مەن چۈشۈنۈمەن، سىلىگە ئوخشاش
شائىرغا قانچىلىك خاتىرجەملىك بولسا شۇنچە ياخشى.
شۇنداق ئەمەسمۇ؟

چۈي يۈەن: بەزىدە... («بەزىدە شۇنداقمۇ بولىدۇ»
دېمەكچە ئىدى، لېكىن دېمەيدۇ.)

مەلىكە: شۇڭا، سىلىنى بىزاۋىتە قىلماي دېدىم. مەن
سىلىنىڭ «توققۇز مۇقام» دېگەن شېئىرلىرىنى ئويلىغاندا ئۆزۈم-
گە-ئۆزۈم شۇنداق دەيمەن: ئۇلارنىڭ كۈيى نېمە دېگەن
جانلىق، نېمە دېگەن يېقىملىق، ئۇ نېمە دېگەن يېنىك ۋە ساز!
سۆزلىرىچۇ... ئۇنىڭدىن خۇشبۇيلۇق، شېئىرنىلىك كېلىپ تۇرۇ-
دۇ، ئۇلار شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك تەسىرلىك. شۇن-
داق ياخشى شېئىرلارنى يازغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىمۇ خۇرسەن
بولسىلا كېرەك. سىلى ئۆز شېئىرلىرى بىلەن بىزگە زور خۇرسەن-
چىلىك بەخش قىلدىلا. بىزمۇ بۇنىڭ بەدىلىگە سىلىنى خۇد-
دى شۇنداق خوشال قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلى
بىزگە بەخش قىلغان خوشاللىقنى سىلىگىمۇ كۆرسۈتۈش ئۈچۈن

مەن شەخسەن ئويۇنغا ئارىلاشتىم.

چۇي يۈەن: مەن سىلىدىن ناھايىتى مىننەتتارمەن، مەلىكەم! ماڭا بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئېيتىشقا رۇخسەت بەرسىلە، بەلكىم سۆزلىرىم ئورۇنسىز بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بىر مۇنچە شېئىرلىرىم ھەقىقەتتە سىلىنىڭ بەخش ـ ئاتالىرى، مەلىكەم. سىلى شۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگىكى، بۇنىڭغا بىز ھەممىمىز قايىل قالىمىز، بۇ پەزىلەتلەر بىز ئەر كىشىلەرنى ئۇيالدۇرۇپ قويىدۇ. مەن تولا ۋاقىت مۇشۇنداق ھېسلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنى شېئىردا ئىپادە قىلىشقا تىرىشتىم. مېنىڭ بىئەدەپلىكىمنى ئەپۇ قىلسىلا، ئەگەر بۇ شېئىرلىرىم بىرەر ئارتۇقلۇققا ئىگە بولۇپ قالسا، بۇ ئارتۇقلۇقلار سىلىنىڭ قىلغان ئاتالىرى.

مەلىكە: (ھاياجانلىنىپ.) ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ مەن بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشالمەن، سىلىدىن مىننەتتارمەن! لېكىن سىلى مەندىن تولۇق قانائەتلەنمەيلا، بۇنى چۈشۈنۈمەن. ماڭا ئوخشاش ئادەملەر سىلىگە ئۇنچىلىك ساددە، ئۇنچىلىك ئاددىي، ئۇنچىلىك ساپ تۇيۇلمايدىغاندۇ، شۇنداقمۇ؟

چۇي يۈەن خىجىل بولۇپ سۆز قىلمايدۇ.

مەلىكە: سىلىنى ئېيتمىسىلىمۇ يۈرەكلىرىدىكىنى بىلىمەن. قانداق قىلاي ـ مېنىڭ مۇجەززىم شۇنداقكەن. مەن دەبدەبە-ھەشەمەتنى ۋە شاتلىقنى ياخشى كۆرىمەن، مەندە بەسبەسلىك ئۈستۈن، مەن ناھايىتى كۈنچى. مېنىڭ بەختىمگە بىخەۋپ سا-

لىدىغان ھەر قانداق كىشىلەر بىلەن مەن كۆرەش قىلىشقا تەي-
يار، يا ئۆز ھاياتىمنى قۇربان قىلىمەن، يا رەقىبلىرىمنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىمەن. (بىر ئاز توختاپ.) سىلى، بەلكىم، مېنى بەك شەخسىيەتچى دەپ ھېسابلىغانلا؟

چۈي يۈەن ئاۋالقىدەك جاۋاپ بەرمەي شۈك تۇرۇدۇ.

مەلىكە: جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن سۆز تاپىمەن، دەپ ئاۋارە بولمىسىلا. سىلى ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمىسىلە، مەن شۇ-
نىڭغا خۇرسەنمەن. راستىنى ئېيتقاندا، سىلىنىڭ مۇجەزلىرىدىمۇ ماڭا ئوخشايدىغان يەرلەر كۆپ، سىلىمۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك رول بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشنى خالىمايلا. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ (بىر ئاز توختاپ.) سىلىنىڭ شېئىرلىرى باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ: سىلىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، دائىرىسى كەڭ. ياق، سىلى كىچىككىنە ئېرىق ئە-
مەس، كىچىككىنە كۆلچەك ئەمەس. سىلى — دۆڭتىڭخۇ كۆلى-
سىلى — چاڭجياڭ دەرياسى، سىلى — شەرق دېڭىزى. قانداق، تاپتىممۇ؟

چۈي يۈەن: (قاتتىق تېچسىزلىنىپ.) سىلىگە قانداق قىلىپ، ياخشىراق جاۋاپ بېرىشنى بىلمەيمەن، مەلىكەم ئەمما بىرلا نەرسىنى بىلىمەن: مېنىڭ كەمچىلىكلىرىم كۆپ، مەن شۇ كەمچىلىكلەرنى ئازايتىش ئۈچۈن ھەممىنى قىلغۇم كېلىدۇ.

مەلىكە: شۇنداقمۇ؟ بەلكىم، سىلى تېچلىق ۋە جىمجىت-

لىقنى ئىستەيلا. مەن جىمجىتلىقتا چىدىمايمەن. كۆپرەك ئىچىلغۇم، كۆپرەك شاخلىغۇم ۋە كۈن نۇرىنى كۆپرەك ئىشغال قىلغۇم كېلىدۇ. ئۇششاق گۈل-چېچەكلەر ئايىغىم ئاستىدا كۆپرەك ئابوت بولسا دەيمەن، ئۇلارغا مەن ئېچىنمايمەن. مەن بىلىمەن، سىلى بىلەن بىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە ئوخشىمايدىغان يېرىمىز ئەنە شۇنىڭدا بولسا كېرەك.

مۇشۇ كەپ سۆزلەر ۋاقتىدا، ئۇسۇلچىلار، بىلەن سازچىلار ئۇيلەرگە كىرىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇدۇ، بۇلار دېرىزە پەردىلىرىدىن كۆككە كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇ.

مەلىكە: (بىردىنلا ئېسىگە بىر نەرسە كېلىدۇ.) بىز گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمىز. قارىسىلا، ھەممە تەييار بولۇپتۇ. روھلارنىڭ ئويۇنىنى باشلىساق بولار.

چۇي يۈەن: ناھايىتى ياخشى. «لى خۇك» («روھقا ئېھترام») نى باشلىسۇن.

مەلىكە: (سازچىلار، ۋە ناخشىچىلارغا قاراپ.) ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ «لى خۇك» دىن باشلايمىز. (ئۇسۇلچىلارغا قاراپ، سىلە ئورنۇڭلىدىن تۇرساڭلىمۇ بولىدۇ. مەن پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن قولۇم بىلەن ئىشارەت قىلىمەن. شۇ چاغدا سازنىمۇ ناخشىنىمۇ، ئۇسۇلنىمۇ تەڭلا باشلايسىلە. ئاياغلاشتۇرغاندىمۇ ئىشارەت قىلىمەن، تەڭلا توختايسىلە. (چۇي يۈەنگە.) مىرزا جانابلىرى، ژۇرسىلە، پەلەمپەيگە چىقايلى.

مەلىكە غەرب تەرەپتىن، چۈي يۈەن شەرق تەرەپتىن پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇسسۇلچىلار سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يان ئۆيدىكىلەرمۇ تەييارلىنىپ، مەلىكىنىڭ قول ئىشارىتىگە قاراپ تۇرىدۇ.

مەلىكە سول قولى بىلەن شەرەت قىلىدۇ. ناخشا، ئۇسسۇل، ساز تەڭلا باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلچىلار زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا دائىرە شەكلىدە بولۇپ، بىر جۈغلۈشۈپ، بىر تارىلىپ ئوينايدۇ. ناخشىچىلار «لى خۇڭ» نى تەكرار ئوقۇيدۇ.

ئوقۇيمىز ناخشا، چالىمىز ناغرا،
قولىمىزدا گۈل، ئوينايمىز ناۋا،
بىر ـ بىرىمىزگە گۈللەر تۇتۇشۇپ،
قىزلىرىمىز بىز ئۇسسۇلنى راسا.
باھار پەسلىدە ئېچىلار لەگىخۇا،
كۈزدە ئېچىلار گۈل شاھى جۈيخۇا.
رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر خۇشبۇراق چېچىپ،
تازىم قىلىدۇ بوي ئېگىپ زىلۋا.

ناخشا ئوقۇلۇۋاتقان، ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتقان ئارىدا، سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكى ئېچىلىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئايال خىزمەتچى چىقىپ، دېرىزە پەردىلىرىنى قايرىپ، تۈۋرۈكلەرگە باغلاپ قويىدۇ ۋە تاماشاغا بىپەرۋا بولغاندەك يەنە ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

مەلىكە سول قولىنى كۆتۈرۈپ شەرەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناخشا، ساز ۋە ئۇسسۇل تەڭلا توختايدۇ.

مەلىكە: ئاھ! بېشىم ئايلىنىپ كەتتى! يىقىلىپ چۈشىمەن! (ئۆزىنى يىقىلىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.) قېنى سىلى، مىرزا جاناپلىرى، قېنى سىلى؟ تېزرەك، تېزرەك ياردەم قىلىسىلا! ... (ئۆزىنى چۈي يۈەننىڭ قۇچىقىغا تاشلايدۇ.)

قورقۇپ كەتكەن چۈي يۈەن ئالدىراشلىق بىلەن مەلىكىنى قولتۇقلاپ يۆلەيدۇ.

شۇ چاغدا پادىشا خۇەي ۋاڭ جاڭيى، زى جۇ ۋە جىن شىياڭلار بىلەن كىرىدۇ، ئەمما چۈي يۈەن ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى سەزمەيدۇ. ئۇلار چۈي يۈەننىڭ مەلىكىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ، تەختنىڭ قېشىغا ئاپىرىشقا ھەركەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

مەلىكە: (ۋاقىرايدۇ.) مىرزا چۈي يۈەن، ئالدام ... (پادىشانىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، بىردىنلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنى چۈي يۈەننىڭ قولىدىن ئاجرىتىشقا تىرىشىپ) تارت قولۇڭنى! مەن سەندىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم! ... سەن بۇنىڭغا قانداق پېتىنالىدىڭ! بۇ نېمە دېگەن بىئەدەپلىك! (پادىشانىڭ ئالدىغا يۈگۈرىدۇ.)

چۈي يۈەن گاڭگىراپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەيدۇ.

پادىشا ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشىدۇ.

مەلىكە: (سول تەرەپتىكى باسقۇچ بىلەن چۈشۈپ، ئۆزىنى پادىشانىڭ قۇچىقىغا ئاتىدۇ.) ۋاي، پادىشاھىم! بۇ قانداق دېگەن ئۇياتسىزلىق! نېمە دېگەن بىئەدەپلىك! ئاھ!

پادىشا: جېنىڭ شېۋ، تېچ بولۇڭ! قەدىردانىم، تەشۋىشلەنمەڭ.

مەلىكە: بەختىمگە سىلى ئۆز ۋاختىدا يېتىپ كەللە! بولمىسا ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى! چۈي يۈەن ئېقىلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ. بۇنداق سەت قىلىقنى پېتىنىش ـ قانداق گەپ بۇ؟ تېخى ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا!

چۈي يۈەن: (ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ، غەزەپ بىلەن مەلىكە تەرەپكە قاراپ.) مەلىكە! سىلى، سىلى، نېمە...

پادىشا: (ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ.) ئەقلىدىن ئازغان نائەھلى، سارالڭ! ئاغزىڭنى يۇم!

چۈي يۈەننىڭ چىرايى غەزەپ بىلەن تۇرۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئۈنچىقمايدۇ.

مەلىكە: (بىر ئاز خاتىر جەملەنگەندىن كېيىن) مەن مۇنداق بولار دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان ئىدىم. مەن شۇنچە ھۆرمەت قىلغان چۈي يۈەن شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا، سارايدا بىردىنلا مۇشۇنداق بىئەدەپلىكنى قىلماقچى بولسا!

پادىشا: (مەلىكىنى قولتۇغلاپ يۆلەپ تۇرۇپ.) تېنچلىنىڭ، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي! سىزگە ھېچقانداق خەۋپ يوق!

پادىشا مەلىكىنىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپ پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىدۇ، قالغانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىدۇ.

چۈي يۈەن: (پادىشا يېقىن كەلگەندە، ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ.) ئۇلۇق پادىشا ھىم، ماڭا سۆزلەشكە ئىجازەت

بەرسىلە!...

پادىشا: (گېردىيىپ.) ياق، مەن سىنىڭ تەلۋىلىگىڭگە چىداپ تۇرالمايمەن! سەن مېنىڭ كۆتكەن يېرىمدىن چىقمىدىڭ. مەن سىنى ئۇلۇق ئادەم دەپ ھېساپلايتتىم، سەن ئەسلىدە مۇشۇنداق «ئۇلۇق» ئادەم ئىكەنسەن — دە! سەن مېنى تايىنى يوق دەپ خەلق ئالدىدا تەنە قىلغىنىڭدا مەن بوغەيۋەتلىرىڭنى ئەپۇ قىلغان ئىدىم. سەن بىزنىڭ پادىشالىغىمىزدىكى دۆلەتنىڭ پۈتۈن مۇھىم قانۇنلىرىنى ۋە قارارلىرىنى مەن ئۆزەم يېزىپ چىقىرىمەن، دەپ ماختانغىنىڭدا بۇنىڭغا يول قويغانمەن. سەن ھەممىنى خۇشامەتچى، پىتنىچى، خائىن، مەن ئۆزەملا ساداقەتلىك ۋە نوقسانسىز ئىش قىلىدىغان ئادەم دەپ، گەپ توقۇغىنىڭدىمۇ، بۇنىمۇ ئەپۇ قىلغان ئىدىم. ئەمما ھازىر، سارايدا، خەلق ئالەمنىڭ كۆز ئالدىدا، پادىشانىڭ ۋە باشقا ژۇرتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا مۇنداق بەت قىلىق، مۇنداق قاملاشمىغان بىئەدەپلىكنى قىلدىڭ. سىنىڭ بۇ قىلمىشىڭنى ھەرگىز كوچۇرمەيمەن!

چۈي يۈەن: (قەتئىلىك بىلەن.) ئۇلۇق پادىشاھىم. بۇ توھمەت!

پادىشا: (يەنىمۇ قاتتىق قەھرى غەزەپ بىلەن.) توھمەت؟ ساڭا كىم توھمەت قىلدى؟ مەنمۇ؟ ياكى مەلىكىمۇ؟ ياق، مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشىنىمەن. مەن سىنىڭ بىئەدەپلىكىڭنى ئۆز

كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتىم! سەن ئەق-
لىڭدىن ئېزىپسەن! ساراڭ ئىكەنسەن! مەن سېنىڭ بىر مۇنچە
سۆزلىرىڭگە چوڭقۇر ئىشىنىپ خاتا قىلغان ئىكەنمەن، ئەمما
بەختكە يارىشا، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئەمدى چۈشەندىم.
سېنىڭ ئوردىدا پەيدا بولۇشىڭنى مەنئى قىلىمەن. مۇندىن
كېيىن كۆزۈمگە يولۇققۇچى بولما!

چۈي يۈەن: (تەمكىن ۋە ئېچىنىشلىق بىلەن.) پادىشاھىم،
ئوردىلىرىڭغا كەلمىسەممۇ؛ كەلمەي كۆزلىرىڭىزمۇ كۆرۈنمەي. لېكىن
ئىلگىرىدىن مېنىڭ پىكىرلىرىمنى ئالغانلىقلىرىدا قىلچە خاتالىق
يوق. چۇ پادىشاھلىقىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېسىلە؟
جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېسىلە. پۇقرانىڭ ھەممىسى
ئىنسانىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدۇ؟ جۇڭگونىڭ پارچىلىنىپ
كېتىشتىن قۇتۇلۇپ، بىر پۈتۈن ئەلگە ئايلىنىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.
جاناپلىرى مېنىڭ پىكرىمنى ئېلىپ، پۇقرانى ئاسرىسىلا،
شەرق تەرەپتىكى پادىشاھلىقلار بىلەن ئىناق ئۆتسىلە، بۇ ھەقتە
قىلچە خاتا قىلمىسىلا. مۇشۇنداق داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسىلا،
جۇڭگو سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن بىرلىككە كېلىدۇ.

پادىشا چېچىلىپ - سەكرەشكە ئۆمتۈلىدۇ، لېكىن مەلىكە توسۇپ تۇرىدۇ.
مەلىكە، جاڭيى ۋە باشقىلار سوغۇق كۈلۈپ تۇرىدۇ.

چۈي يۈەن: (يەنىمۇ ئېچىنغان ھالدا.) لېكىن باشقىلار-
نىڭ ئالدىمىغا بېرىلىدىغان بولسىلا، چۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئاسىسى

بولۇپ قالىدىلا.

پادىشا: (ئاچچىقىنى باسالماي.) بۇ، نېمە دېگەن بىمەنە گەپ!... بۇ.... بۇ.....

مەلىكە: (تۇسۇپ تۇرۇپ.) پادىشاھىم، سۆز بەرسىلە. ئەپسانىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتسۇن.

چۇي يۈەن: (تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بىلەن.) ئەگەر باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا بېرىلىپ كېتىدىغان بولسىلا، ئىستىقباللىرى ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئوردىلىرى باشقا پادىشالىقلارنىڭ گەزەرىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، تاجىلىرى باشقىلار بېشىغا كىيگۈزۈلىدۇ. چۇ پادىشالىقىنىڭ خەلقلىرى زور قىرغىنغا ئۇچرايدۇ، دەريا سۇلىرى قان بىلەن بويۇلۇپ كېتىدۇ. جانابلىرىمۇ، مەلىكەمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئار - نومۇسقا قېلىنىشىدىلا......

پادىشا: (غەزەپتىن سۆز قىلالماي.) بۇ.... بۇ.... بۇ.....

مەلىكە: (مەسخىرە قىلىپ.) جەنۇپ پادىشالىقىنىڭ ئەۋلىياسى، بولار ئەمدى، ئۇكتەملىك قىلىشۇەمسىلە. (باش ۋەزىر زىجۇ بىلەن جىڭشاڭغا قاراپ) ئىككىسىگىلا بۇ كىشىنى ئەچچىقىپ تۈردۈۋېتىڭلا. ئوردىدا يەنە ئاللىقانداق چاتاقلارنى چىقىرىپ قويمىسۇن.

پادىشا: (غەزىۋىنى باسالماي.) بۇنىڭ مىرزىلىق مەنسۇۋىنى ئېلىۋېتىڭلا!

- زىجۇ: (تازىم بىلەن.) خوش تەخسىر.

جىن شاڭ: پەرمانبەردارمىز.

زى جۇ بىلەن جىن شاڭ چۇي يۈەننى ئىككى ياندىن تۇتۇدۇ.

چۇي يۈەن: (غەزەپ بىلەن.) ھەي مەلىكە! سىزنى مېنى مۇنداق ھالاك قىلار، دەپ ئويلىمىغان ئىدىم! بېشىم ئۈستىدە تۇرغان ئاسماننى، ئايىغىمىنىڭ ئاستىدىكى يەرنى، ئۆتكەن پادىشالارنى، ۋاڭلارنى، ئۇلۇق ئاتا-بوۋىلىرىمنى، ھەممىنى گۇۋاچىلىققا چاقىرىمەنكى، سىز مېنى ئەمەس، چۇ پادىشالىغىنى ھالاك قىلدىڭىز! (ئۇنى ئىككى ياندىن تۇتۇپ، ئوڭ تەرەپ بىلەن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ چۇي يۈەن يەنە ئۈنلۈك سۆزلەيدۇ) مېنىڭ ۋىجدانىم تازا، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. مېنىڭ ئېيىپسىز ياكى ئېيىپلىك ئادەم ئىكەنلىگىمگە، پاك ياكى رەزىل ئادەم ئىكەنلىگىمگە مېنىڭ ئەۋلادلىرىم ھۆكۈم قىلار. ئەمما ئېسىڭىزدا بولسۇنكى، سىز مېنى ئەمەس، ئۆزىڭىزنى، پادىشاھىمىزنى، چۇ پادىشالىغىنى، بىزنىڭ پۈتۈن مۇقەددەس زېمىنىمىزنى ھالاك قىلدىڭىز.

مەلىكە چۇي يۈەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چىشلىرىنى غىچىرلىتىدۇ؛ ئۇنىڭ يۈزىدە ئۆچمەنلىك ۋە قورقۇش پەيدا بولۇدۇ.

پادىشا: ياق، ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، ئۇ ساراڭ بوپتۇ. (مەلىكىنى ئۆزىنىڭ سول تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇدۇ.) قورقماڭ، ھېچگەپ يوق، بىر ئاز دەم ئېلىڭ.

مەلىكە: (روھلىنىپ.) ياق، پادىشاھىم، مەن ئۆلۈمدىن ھەرگىز قورقمايمەن، لېكىن جاڭيى جاناپلىرى ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك تۇغۇلغانلىقىدىن ئۇيۇلۇۋاتىمەن.

پادىشا: (جاڭيىنىڭ بارلىقىنى ئەمدىلا ئەسكە ئېلىپ.) ھە. راستىنلا، جاڭيى جاناپلىرى، ناھايىتى سەتچىلىك بولدى. ئولتۇرسىلا مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرسىلا. (جاڭيىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىدۇ.)

جاڭيى: (ئېھتىرام بىلەن تازىم قىلىپ، پەخىرلىك ئورۇننى باشقا كىشىگە ئۆتۈنگەن قىياپەتتە تەكەللۇپ كۆرسىتىدۇ.) خوش، خوش (ئولتۇرىدۇ).

پادىشا مەلىكە بىلەن جاڭيى ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدۇ.

جاڭيى: كەمىنىلىرىنىڭ نادانلىقىنى كەچۈرسىلە: بۇ ئېسىل خانىم مەلىكە جىڭشيۇمۇ؟ (قول قوشتۇرۇپ مەلىكىگە قاراپ ئېھتىرام بىلەن تازىم قىلىدۇ.)

پادىشا: (ئالدىراشلىق بىلەن تونۇشتۇرۇپ.) ھە، ھە، شۇنداق، جاڭيى جاناپلىرى، بۇ مېنىڭ رەپىقەم جىڭشيۇ. (مەلىكىگە قاراپ.) جىڭشيۇ، بۈگۈن پادىشالىقنىڭ ۋەزىرى جاڭيى جاناپلىرى بولىدۇ. مەن بۇ كىشى بىلەن زىيجۇنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ، ئوردىغا شۇ يەردىنلا باشلاپ كەلدىم.

مەلىكە بىلەن جاڭيى كۆز ئىشارىسى بىلەن سالاملىشىدۇ.

جاڭيى: بۈگۈن مەن بىرىنچى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ دىدار-

لىرىنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم، مەلىكەم، مەن ئۆزلىرىدىن، ۋە ئۇلۇغ پادىشا ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، مېنىڭ قوپاللىقىمنى كەچۈرسىلە. مەن ئەمدى چۈشەندىم...

(سۆزلىمەكچى بولۇدۇ-يۇ خىجىللىق بىلەن جىم بولۇدۇ.)

مەلىكە: ئارتىمىسىلا، جاڭيى جاناپلىرى، ئارتىماستىن سۆزلەۋەسىلە. مەن جەنۇپ پادىشاسىدىن بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن.

جاڭيى: (يەنە ئۆزۈرخاھلىق قىلىپ.) مەن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايمەن، مەن بۈگۈن چۈيۈەننىڭ ئىمشىكە ئەقلىنى يوقاتقانلىقىنى مەلىكىنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەنلا چۈشەندىم.

پادىشا: (خۇشاللىقتا قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.) خا-خا-خا! ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆز بولدى، ئاجايىپ!

مەلىكە: (كۈلۈمسىرەپ.) جاڭيى جاناپلىرى، ئۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ، سۆزگە ئاجايىپ ئۇستىكەنلا.

جاڭيى: كەمىنىلىرىنىڭ كۆرگەن يەرلىرىم ئاز ئەمەس: جەنۇپتىمۇ بولدۇم، شىمالدىمۇ بولدۇم، شەرقتىمۇ بولدۇم، غەرپتىمۇ بولدۇم — قىسقىسى، پۈتۈن جۇڭگونى دېگۈدەك كېزىپ چىققانمەن. ھاياتىمدا ھەممىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولدۇم، مەن بىر كەمبەغەل ئىدىم، ۋەزىر بولدۇم. يولۇمدا ھەرخىل ئادەملەر بىلەن يولۇقتۇم، پادىشالار، ۋەزىرلەر، تۆرىلەر، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر، قارا خەلق،

قۇللار، ياۋايىلار بىلەن يولۇقتۇم. لېكىن مېنىڭ قوپال سوزلۇـ
رۇمىنى ئەفۇ قىلسىلا ( يەنە ئوزۇرخالىق قىلىپ )، مەن هېـ
چقاچان سىلىگە ئوخشاش گوزەل ئاياللىنى كورگەن ئەمەس،
مەلىكەم!

پادىشا: (تېخىمۇ خوشال بولۇپ.) خا ـ خا ـ خا! مەنمۇ
هېمىشەم ئېيتىدىغان ئىدىم، پۈتۈن ئالەمدە بۇنىڭ تەڭدىشى يوق.

جاڭيى: يوق، پادىشاهىم، يوق، ماڭا ئىشەنسىلە يوق.

پادىشا: تېخى تۇنۇگۇنلا سىلى ۋېي پادىشالىغىنىڭ قىز ـ
ئاياللىرىنى زوق بىلەن ماختاپ كەتكەنتىلە، سىلى: «ۋېي
پادىشالىغىنىڭ ئاي يۈزلۈك، قىلەم قاشلىق قىزلىرى بار؛ ئۇلار
كوچىدا پەيدا بولغاندا، ئۇلارنى پەرى دېگۈسى كېلىدۇ» دېـ
مىگەنمۇ؟

جاڭيى: قۇدۇقتا ئولتۇرغان پاقا چەكسىز ئالەم بوشلۇغىنى
كورەلىشى مۇمكىنمۇ؟ «ئاشقىنىڭ كوزىگە ياققان قىزسى شى
گوزىلىگە ئوخشاش كورۈنىدۇ» دېگەن ماقال بار. مەن ئەسلى
شۇ ئولكىلەردىن بولغانلىقتىن، شۇ يەرنىڭ قىز ـ ئاياللىرىلا كوـ
زۇمگە چۈشەتتى. لېكىن بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا يېڭى بىر دۇنيا
ئېچىلدى. (يېڭىۋاشتىن مەلىكىگە بۇرۇلۇپ ئوزۇرخالىق بىلـ
دۇرۇپ،) مېنىڭ بىئەدەپلىكىمنى يەنە بىر قېتىم ئەپۇ قىلىشـ
لىرىنى سورايمەن، مەلىكەم. سىلى ماڭا تىلسىم تاغدىن چۈشكەن
هور ـ پەرىگە ئوخشاپ كورۈنۈۋاتىدىلا، مەلىكەم.

مەلىكە: (كۆلۈمسىرەپ.) جاڭيى جاناپلىرى، ھەقىقەتەنمۇ، سىلى بەك سوزمەن ئىكەنلا.

پادىشا: بولدى، بولدى؛ ئىككىڭلا بىر-بىرىڭلاغا كۆپ ئىلتىپات قىلىشىپ كەتتىڭلا. (پادىشا قولىنى جاڭيىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇرۇدۇ.) جاڭيى جاناپلىرى، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مەن سىلىگە قول قويدۇم. ئاغزىدىن ئىنساپ-دىيانەت چۈشمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇغەمبەر بولىدۇ دېگەن ئىدىلە؛ بۇ سوزلىرى تامامەن توغرا ئىكەن. مې-نىڭچە، سىلىگە ۋىي پادىشالىغا قايتىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ۋىي گوزىلىمۇ ماڭا كېرەك ئەمەس. مەن چۈي يۈەنگە ئوخشاش سارائىنىڭ مەسلىھەتىدىن يالتايدىم. چىن پادىشاسىغا سوزلىرىنى يېدۈرۈپ، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئالاھىدە ھورمىتىنى قوزغىسىلا، مەن شۇنىڭغا مىننەتتار. چىن پادىشالىغى بىلەن ئىتتىپاق بولۇش مەخسىدىدە چى پادىشالىغى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈمەن، چىن پادىشالىغى ھەدىيە قىلغان شاگيۇي ۋىلايىتىدىكى ئالتە يۈز لى يەرنى قوبۇل قىلىمەن.

جاڭيى: شۇنداق پادىشاھىم، ھەقىقەتەن سىلىنىڭ بۇ قارارلىرى چىن پادىشالىغى ئۈچۈنمۇ، چۇ پادىشالىغى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئۇلۇق بەخت!

پادىشا: (مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزۇ-تۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.) سىز بۇگۈن ناھايىتى

بىئارام بولدىڭىز. مەنمۇ، ئەقىلسىز چۈيۈەننىڭ بۇ بىمەنى نەر-
سىلىرىدىن تويدۇم. روھلارنىڭ ئويۇنى بۈگۈن ئويناملىسۇن.
(بىر ئازخىيال سۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن.) بۈگۈنكى زىياپەتنىمۇ
قالدۇرساق، بىز جاڭيى جانابلىرى بىلەن شەرقىي دەرۋازىنىڭ
ئېشىغا چىقىپ ئۇلۇغ شەرق پىرىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى سەيلە
قىلايلى. چۈشلۈك تاماقنى شۇ يەردە يەيلى. ئۇ يەردە ئوبدان
تاماشا بولۇپ تۇرىدۇ. (جاڭيىغا.) قېنى ژۈرەيلى، جاڭيى
جانابلىرى، بۇ زېرىكىشلىك مەخلۇقلار (نىقاپدار ئۇسۇلچىلارنى
كۆرسىتىدۇ. بۇلار چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق بېرىلمىگەچكە،
ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ، زالغا تارىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ بەزىسى
ئورە تۇرىدۇ، بەزىسى ئولتۇرىدۇ: ئولۇغ شەرق پىرى بىلەن
بۇلۇت مۇئەككىلى شەرق تەرەپتىكى ئويۇننىڭ پەلەمپىيىدە ئول-
تۇرىدۇ؛ تاغ مۇئەككىلى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئورە تۇرىدۇ؛ تەق-
دىر مۇئەككىلى بىلەن مۇھەببەت مۇئەككىلى غەرب تەرەپتىكى
باسقۇچتا ئولتۇرىدۇ. ئورۇش مۇئەككىلى ئۇلارنىڭ يان تەرى-
پىدە ئورە تۇرىدۇ. قۇياش مۇئەككىلى بىلەن دەريا مۇئەككىلى
شەرق تەرەپتىكى ئويۇننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرىدۇ. شياڭ
دەرياسىنىڭ مۇئەككىللىرى غەرب تەرەپتىكى ئويۇننىڭ تۈۋرۈكىگە
يۆلىنىپ تۇرىدۇ.) چىقىپ كەتسۇن.

پادىشا، مەلىكە ۋە جاڭيى پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشىدۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر
زىجۇ ۋە جىن شياڭ كىرىپ پادىشاغا ئېھتىرام بىلەن تازىم قىلىدۇ.

زى جوُ: پادىشاھىم، چوُي يوُەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشـ
لاندى ھەم سارايدىن قوغلاندى.

جىن شياڭ: ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، توپلانغان خالايىقنىڭ ئالدىدا داد ـ پەريات قىلىپ ماڭدى؛ باش كىيىمىنى ۋە باشقا كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۇلارنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

پادىشا: (ئاچچىقى بىلەن.) ھەقىقەتەن سارالڭ بوپتۇ! مۇنۇ نىقاپ تاقىغان مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتىڭلار!

ـــ پەردە.

# ئۈچىنچى پەردە

بىرىنچى پەردىدىكى دېكوراتسىيە. ۋاخىت چۈشتىن كېيىن.

سۆڭ يۈي باغنى سۈپۈرۈدۇ. ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن سۈپۈرگىنى شىپاگىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا قويىدۇ. ئاندىن كېيىن جۈيزە دەرىخىگە يۆلىنىپ قوينىدىن «جۈيزە ھەققىدە قەسىدە» يېزىلغان قاتلىما دەپتەرنى ئالىدۇ.

سۆڭ يۈي: (ئۈنىنى چىقىرىپ ئوقۇيدۇ.)

ئەي گۈزەل باراخسان، جۈيزە دەرىخى،
ئۆسۈشىڭ جەنۇپتا تەمكىن، قوزغالماي،
ياپرىقىڭ ياپ - يېشىل، چېچىكىڭ سۈتتەك،
شاخلىرىڭ نەشتەردەك تىكەنلەرگە باي.

(ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزىنى يۇمۇپ، ئاستا يادلاپ ئوقۇيدۇ. «تەمكىن، قوزغالماي» دېگەن يەرگە كەلگەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، دەپتەرگە قارايدۇ-دە يەنە ياتقا ئوقۇپ كۆرىدۇ، ئاندىن بىرىنچى كۇپلېتنى يەنە بىر قېتىم ياتقا تەكرارلاپ بولۇپ، داۋامىنى ئوقۇيدۇ.)

شېرىن مېۋىلىرىڭ گويا تولۇن ئاي،
زۇمرەت رەڭدىن ئۆزگىرەر ئالتۇندەك بولۇپ،

سۆپ ـ سۆزۈك ئەتلىرىڭ، تەڭداشسىز ھىدى،
جانغا راھەت بىرەر ئالەمگە تولۇپ.

يېيىلغان ژىلتىزىڭ يەرنىڭ قەھرىگە،
قورقمايسەن قىرودىن، مۇزدىن ـ بوراندىن،
ئىرادەڭ پولاتتەك ئوخشايسەن گويا،
پىداكار ھەممەتلىك مەرتلەر ئەھلىگە.

(يەنە ئاستا ياتقا ئوقۇيدۇ، «ئەتلىرىڭ سۆپ ـ سۆزۈك» دېگەن يەرگە كەلگەندە ئەسلىيالماي، قاتلىما دەپتەرگە قاراپ بېشىنى چايقاپ تەكرار ئوقۇيدۇ. ئوقۇپ بولۇپ يەنە باشتىن تەكرارلايدۇ. ئارىدا بىر ئاز توختاپ قالسىمۇ، ئەمما ئاخىرىغىچە ياتقا ئوقۇپ بولىدۇ. ئاندىن يەنە داۋامىنى ئوقۇيدۇ.)

زوق بىلەن قارايمەن ساڭا ئەي ژىگىت!
تەڭتۇشلىرىڭ ئىچىدە سەن بىر يىگانە،
ئىرادەڭ مۇستەھكەم تۇرۇۋسەن خۇددى،
جۇيژە دەرىخىدەك قاۋۇل مەردانە.

كۆكلۈڭ مىسلى دېڭىزدەك، روھىڭ ئۇلۇغۋار،
سۇنىڭ ئېقىشىغا باقمايسەن ئەسلا؛
ئېرىشكەن ئۇتۇغۇڭغا بولمايسەن رازى،
قويمايسەن ئۆزەڭگە ھەرگىز تەمەننا.

(ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە كوزىنى ژۇمۇپ يەنە تەكرارلايدۇ.)

شۇ چاغدا شاھزادە زى لەن كوچا ئىشىكى بىلەن ئاستا تۇيغۇزماستىن كىرىدۇ. ئىتقا ئوخشاش ھاۋشۇپ، سۆڭ يۈزىنىڭ پۇتىغا يېپىشىپ ئالىدۇ.

سۇڭيۈي: (چوچۇپ كېتىدۇ.) ھەي ئەجەپمۇ قورقۇتـ ۋەتتىڭىز مېنى!

زى لەن: (قورسىقىنى تۇتۇپ قاقاخلاپ كۈلىدۇ.) ھا۔ ھا۔ ھا! ......

سۇڭيۈي: سىز يەنە قانداق قىلىپ قېچىپ كەلدىڭىز؟ ئۇستاز قېنى؟

زى لەن: ئۇستاز ساراينىڭ چوڭ زالىدا ئانام بىلەن «توقـ قۇز مۇقام» ئويۇنىنى تەييارلاش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ قالـ دى. «توققۇز مۇقام» بويىچە ئوينىلىدىغان ئەرۋاھلار ئۇسۇلى ناھايىتى قىزىق ئويۇن. مېنىڭ ئۇنى ناھايىتى كۆرگۈم بار ئىدى، ئانام رۇخسەت قىلمىدى. ئانام بۈگۈن غەلىتى بوپ قاپتۇ: ئادەتتە ئويۇن قويۇلسىلا كۆرۈشكە ماڭا رۇخسەت قىلاتتى، بۈگۈن ماڭا رېپېتىتسىيىنى كۆرۈشكىمۇ رۇخسەت قىلماي قويدى. شۇڭا ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن بۇ يەرگە كەلدىم.

سۇڭيۈي: سىز ئانىڭىزدىن قورقامسىز؟

زى لەن: قورقماي ئەمسە! مەنلا ئەمەس، ئانامدىن داداممۇ قورقىدۇ. مېنىڭ ئويلىشىمچە، ئوردىدا ئانامدىن قورقمايدىغان ئادەم يوق. ھەتتا ئانام بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولغان مەھرەمبەگ جىن شياگىمۇ ئانامدىن قورقىدۇ. ئۇ ئانامنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇقلىرىغا پەرمان بەردار.

سۇڭيۈي: بىزنىڭ ئۇستازىمىز، بەلكىم، قورقماس.

زى لەن: ئېھتىمالىم، ئۇستاز قورقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇمۇمەن، باشقىلارنى قورقۇتالايدىغان ئادەم ئۆزى ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. مەن ئانامدىنمۇ قورقۇمەن، ئۇستازدىنمۇ قورقۇمەن.

سۇڭ يۈي: ئۇستاز سۇرلۇك كورۇنسىمۇ، لېكىن ئاچچىغى يامان ئەمەس؛ مەلىكە ئاچچىغى يامان بولسىمۇ، لېكىن سۇرلۇك ئەمەستۇ؟

زى لەن: ژۇرۇگۇڭ شۇنچە يوغانمۇ، ئانام توغرىسىدا مۇشۇنداق سوزلەرنى قورقماي قىلىۋاتسەنا!

سۇڭ يۈي: (توۋە قىلغان بولۇپ باش ئېگىپ تازىم قىلىدۇ.) مەن ئانچىكىم ئېيتىپ قويدۇم. مەن ئېيىپلىك، مەن ئېيىپلىك.

زى لەن: مېنىڭ ئالدىمدا سوزلىسەڭ، ھېچگەپ يوق. لېكىن پەقەس بول، ئۆز بېشىڭنى ساقلا. سەن نىمە ئوقۇۋاتقان ئىدىڭ؟

سۇڭ يۈي: («جۇيزە ھەققىدە قەسىدە»نى كورسۇتىدۇ.) شېئىر، ئۇستاز بۇنى ئەتىگەن يازغان ئىكەن.

زى لەن: (قاتلىما دەپتەرگە كوز ژۇگۇرتۇپ، ئۇنى سۇڭ يۈيگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.) يازغان نەرسىسىنى قارا، «جۇيزە ھەققىدە قەسىدە» ئىكەنغۇ. تىمىشكە «لەنخۇا گۇل»① ھەققىدە

---

① زى لەننىڭ ئىسمىدىكى «لەن» ھەرپى لەنخۇا گۇلى (خۇشبۇي گۇل) دېگەن سوزدىكى «لەن»، شۇڭا بۇ يەردە سوز ئويۇنى بولۇۋاتىدۇ.

قەسىدە» يازمايدىكەن؟ ئۇ چاغدا پايدا ماڭا بولاتتى.

سۇڭ يۈي: ئۇستاز ئۆز شېئىرلىرىدا لەنخۇا گۈلىنى خېلى كۆپ كۆيلەيدۇ، دېمەك، مېنىڭچە سىزگە خېلى كۆپ پايدا تەگدى.

زى لەن: ئۇنىسى شۇنداق، لەنخۇا گۈلى ئۇستازغا ياقىدۇ، لېكىن مېنىڭ لەنخۇا گۈلۈم ياقمايدۇ. ئۇ تولىسى مېنى ھورۇن دەپ ئېيىپلايدۇ. مېنى مازاخ قىلىپ كۈلۈدۇ. مېنى لەنخۇا گۈلدىن چىققا ئايلىنىپ كېتىۋاتىسەن، دەپ ناھايىتى ئىزا تارتقۇزۇدۇ. شۇڭا بەزىدە ئىسمىمنى ئۆزگەرتىۋەتكىم كېلىدۇ.

سۇڭ يۈي: سىز ھەقىقەتەن ھورۇن. لېكىن سىز ئىرىشمىسىگىزمۇ بولۇدۇ. سىزدەك پادىشا ئەۋلاتلىرىنىڭ چىققا ئايلىنىپ قېلىش خەۋپى بولمايدۇ.

زى لەن: ھە؟ شۇنداق، لەنخۇا گۈل پادىشا بولغۇچىلارنىڭ ئالامىتى، مەن بەلكىم، بىزنىڭ چۇ زېمىنىمىزگە پادىشا بولۇپ قالىمەنمۇ، تېخى.

سۇڭ يۈي: ئەپسۇسكى، سىزنىڭ ئاكىڭىز ـ قانۇنىي ۋارىس. ئۇ تېخى ئۆلمىدى، چىن پادىشالىقىدا ياشاۋاتىدۇ.

زى لەن: ئۇنى پات يېقىندا ئۆلمەيدۇ، دەپ ئېيتالامسەن؟ مېنىڭ دادام ئانامنى ياخشى كورۇدۇ، ئانام بولسا مېنى ياخشى كورۇدۇ. ئەگەر ئانام خالىسا، مەن پادىشا بولۇمەن. سېنىڭ پىكرىڭچە، مەن پادىشا بولالمامدىمەن؟

سۇڭيۇي: (پادىشاغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقان بىر مەنسەپدارنىڭ قىياپىتىدە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. قوبۇل مۇراسىمى ۋاقتىدا خەت يېزىش ئۈچۈن تاختا تۇتۇپ تۇرغان مەنسەپدارلارغا ئوخشاش قاتلىما دەپتەرنى ئېھتىرام بىلەن تۇتۇپ تۇرىدۇ.)

دات پادىشايى ئالەم. ۋەزىرلىرى سۇڭيۇي باش ئۇرۇپ ئىلتىماس قىلىدۇ ۋە ئۆز شاھىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

زى لەن: (قايىل بولغاندەك قىياپەتتە.) دۇرۇس! ئەگەر مەن پادىشا بولۇپ قالسام، ئەلۋەتتە سىزنى باش ۋەزىر قىلىمەن. ئەگەر باش ۋەزىر بولالمىساڭ، باش مىرزىلىككە تەيىنلەيمەن، ساڭا بىزنىڭ ئۇستازىمىزغا ئوخشاش دەرىجە بېرىمەن، ئۇ چاغدا سەن قەلەم ئىشى بىلەنلا شۇغۇللىنىسەن.

سۇڭيۇي: ئۇنداق بولسا مەن رازى. مېنىڭچە، مەن قەلەم ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن. راستىنى ئېيتقاندا، ماڭا بىزنىڭ ئۇستازىمىزنىڭ بەزىبىر ئەسەرلىرى ياقمايدۇ. مەسىلەن، مۇشۇ «جۇيزە ھەققىدە قەسىدە» دېگەن شېئىرىنى ئالايلى، بۇ كونا ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدا تام تۈپىسىگە تام، ئۆي تۈپىسىگە ئۆي سالغاندەك، ئوخشاش پىكىرلەر كۆپ تەكرارلىنىدۇ. ئۇستازىمىز مۇجەزى چۇس ۋە كەمسىن ئادەم، ئەمما ئۇنىڭ داڭقى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر ماختايدۇ. ئەگەر «جۇيزە ھەققىدە قەسىدە»نى مەن يازغان بولسام ئىدى، ھەممە ئۇنى

خام يېزىلغان دەپ ئاتىشاتتى.

زى لەن: سىنىڭ تەنقىدىڭگە بىر ئاز قوشۇلۇمەن. مانا بۇ «جۇيزە عەققىدە قەسىدە» دېگەن شېئىرى، مېنىڭچە، باشقا شېئىر- لىرىدىن خېلى ياخشى. لېكىن ئۇ بىر مۇنچە شېئىرلىرىدا يۇخراچە سۆزلەرنى قىستۇرۇپ قويىدۇ، مەن ئەنە شۇنىسىنى ياراتمايمەن. جىن شياڭ بىلەن زى جۇمۇ جۇي يۈەننى شېئىرلىرى قوپال، نا- ھايىتى چاكىنا دەپ تەنقىت قىلىدۇ. مۇبادا سەن ماڭا مىرزا بولۇپ قالساڭ، ئۇنداق چاكىنىلىق قىلماسلىقىڭ لازىم. (گەپنى ئۇيۇقسىز باشقىغا بۇرايدۇ.) شەن جۈەن قەيەرگە كەتتى؟ نىمىشكە ئۇ كۆرۈنمەيدۇ؟

سۇڭ يۈي: ئۇ ئىش بىلەن بەنت، نىمە قىلاتتىڭىز؟ ئۇنى ئاتايىن ئىزلەپ كەلگەنمىدىڭىز؟

زى لەن: ئەگەر ئىزلەپ كەلگەن بولسام، سەن خاپا بولۇپ قالارسەن، شۇنداقمۇ؟

سۇڭ يۈي: خاپا بولۇپ قالارمەن؟ نىمىگە خاپا بولاي؟ ئۇنداق خالىغانچە بەدگۇمان بولماڭ. مەن بۇددىدەككە ئاشىقكەنمەن- دە؟ سىز بىلەن مېنىڭ تەگتۇشۇمىز باشقا. سىلەر، شاھزادىلار بىر نەرسىنى ئانچىۋالا تاللاپ كەتمەيسىلە. سىلەرنىڭ نەسەپسىز جانانىلارنى تاپقىلى كېلىدۇ. بىز غېرىپ- غۇرۋا ئادەملەر بول- ساق نەزىرىمىزنى ئۈستۈن تۇتىمىز. ژۇقۇرىغا ئېسىلغۇمىز كېلىدۇ؛ قولىمىز يەتمىگەنسىرى، بىزگە شۇنچە شېرىن تۇيۇلىدۇ.

زى لەن: ھە،مۇنداق دېگىن! دېمەك، سەن شەن جۇەنىنى ياراتمايدىكەنسەن ـ دە؟

سۇڭ يۈي: ئەلۋەتتە، ئۇ ماڭا ياقمايدۇ، ياقسا قانداق بوپتۇ؟ ئۇ ھېچبىر قىزنىققۇچىلىقى يوق ئاددىي بىر خىزمەتكار قىز. ئۇنىڭ ماڭا ھېچبىر ياردىمى تەگمەيدۇ. ئۇ ماڭا خوتۇن بولسا، ئىستىقبالىمغا توسقۇن بولىدۇ.

زى لەن: قارا، تېخى، سەن ئۆزۈڭنى مەندىنمۇ ئۈستۈن ھېساپلايدىكەنسەن. ھەر قاچان ئۆزۈڭنى نازاكەتلىك قىلىپ كۆرسۈتۈدىكەنسەن. ماقۇل، ھازىردىن باشلاپ، مېنىڭ دوستۇم بول. بۇندىن كېيىن خوشاللىقنىمۇ، قايغۇنىمۇ بىللە كۆرەيلى. سەن خوشال بولامسەن؟

سۇڭ يۈي: ئەلۋەتتە، ناھايىتى خوشال بولىمەن! شۇنداق بىر چاغ كېلىدىكى، ئۇستاز ھازىر سىزنىڭ دادىڭىزغا ياردەم قىلىۋاتقىنىدەك، مەنمۇ سىزگە ياردەم قىلالايمەن، بولۇپمۇ قەلەم ئىشىدا ئىشەنچىم بار.

كوچا ئىشىگىدىن چۇي يۈەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇقاتتىق غەزەپلەنگەن. كىيىملىرى پارە ـ پارە، چاچلىرى چۇۋۇق.

سۇڭ يۈي بىلەن زى لەن چۆچۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ.

سۇڭ يۈي: ئۇستاز، نېمە بولدىلا؟

زى لەن: (تەڭلا) ئۇستاز نېمە بولدى؟

چۇي يۈەن: (ئۇلارغا ئېتىۋار قىلمايدۇ، شىپاگىنىڭ پە-

لەمپىسى قىشىغا ناھايىتى ئىتتىك كېلىپ توختايدۇ.) مېنى مۇ-
شۇنداق ھالاك قىلدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىم؟ ئەستەغپۇرۇللا!
ئەمما مېنى ھالاك قىلىشمىدىڭ، پۈتۈن جۇڭگونى ھالاك قىلىشتىڭ.
سوڭيۈي بىلەن زى لەن چۈي يۈەننىڭ قېشىغا ئاستا يېقىن كېلىدۇ ۋە ئۇ-
نىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولىدۇ.

چۈي يۈەن: مېنىڭ قېشىمغا يېقىن كەلمەڭلار، ژۇرۇگۇم
پىرىلىپ كېتىدۇ! (شىپاڭغا ئالدىراپ چىقىدۇ-دە، بېشىنى
تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بىردەم چاچلىرىنى قامانلايدۇ. ئان-
دىن كېيىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ شىپاڭنىڭ ئىچىدە مېڭىپ
ژۇرۇدۇ.)
سوڭيۈي بىلەن زى لەن بىر-بىرىگە قارىشىپ پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا
ئىككىلىنىپ تۇرۇشىدۇ.

چۈي يۈەن: مېنىڭ ۋىژدانىم تازا. مەن ئۆلۈمدىن قورق-
مايمەن. مېنى ھالاك قىلىشمىدىڭ، پۈتۈن چۇ پادىشالىغى-
مىزنى، پۈتۈن جۇڭگونى ھالاك قىلىشتىڭ...... مەن ھەقلىقمۇ
ياكى ئېيىپلىكمۇ، بۇ توغرۇلۇق ئەۋلادلىرىمىز ئۆزى ھۆكۈم قىلار!
تاشقىرىدا خەلق توپلىشىدۇ. ئەمما ھېچكىم باققا كىرىشكە پېتىنالمايدۇ.
چۈي يۈەن توپلانغانلارنى كۆرۈپ، پەلەمپەي بىلەن ئىتتىك پەسكە چۈ-
شۈپ، ئويگە كىرىدىغان ئىشىك تەرىپىگە قاراپ ماڭىدۇ.

سوڭيۈي: (قورقۇمسىراپ) ئۇستاز، قولتۇقلىرىدىن يۆلە-
ۋالسام بولامسىكىن؟

چۈي يۈەن: ياق، مەن ھېچكىمنى كورگۈم كەلمەيدۇ، ئادىمىزاتنىڭ قورقىمەن. (غەزەپ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

سۈكيۈي بىلەن زى لەن گاڭگىرىغان ھالدا تۇرۇشىدۇ.

خەلق ئىچىدىن ئېچىنغان، ھەيران قالغان ھالدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىدۇ. بەزىلەر خوشال بولۇپ كۈلۈشىدۇ.

سۈكيۈي: نېمە ئىش بولغاندۇ؟

زى لەن: مۇنداق قارىغاندا، ئۇستاز ئەقلى-ھۇشىنى يوقۇتۇپ قويغان ئوخشايدۇ.

سۈكيۈي: نېمىشكە ئۇنى بىر كىشى بۇ يەرگە بىللە ئەكىلىپ قويمىدىكىن؟

زى لەن: غەلىتى بىر ئىش، ھەقىقەتەن، غەلىتى بىر ئىش.

سۈكيۈي: مېنىڭچە، سىز ئوردىغا تېزرەك بېرىپ، ئۇ يەردە نېمە ئەھۋال بولدى، بىلىپ باقسىڭىز.

زى لەن: مەنمۇ شۇنى ئويلىغان ئىدىم. مەن ئوردىدىكى چاغدا ئۇستاز ئانام بىلەن ناھايىتى ئوبدان سوزلۇشۇپ قالغان ئىدى. بۇ يەرگە قايتىشتا ئۇنى غالجىر ئىت چىشلەپ ئالدىمىكىن؟

سۈكيۈي: غالجىر ئىت چىشلىۋالغان بولسا، ئۇ، مۇنچىلىك تېز ئېسىنى يوقاتمىغان بولاتتى. تېزرەك بولۇڭ، بېرىپ ئۇقۇپ باقسىڭىز ياخشى.

خالايىق ئارقىغا سىلجىپ يول بوشۇتۇپ بېرىدۇ. جىنشياڭ كىرىدۇ.

سۈكيۈي بىلەن زى لەن ئۇنىڭ ئالدىغا ژۈگۈرۈپ بارىدۇ.

جىن شياڭ: (مېڭىپ كېلىۋېتىپ.) قانداق سىزمۇ بۇيەردىكەنسىز شاھزادە؟ ئۇستازىڭىز قايتىپ كەلدىمۇ؟

سۇڭ يۈي: يېڭىلا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېچكىمنى كۆرگۈم كەلمەيدۇ، ژۈرۈگۈم يېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتتى.

جىن شياڭ: ھەيي‌يى...، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى.

سۇڭ يۈي
زى لەن
: (بىرلىكتە) نېمە ۋەقە بولدى؟

جىن شياڭ: ھەقىقەتەن ئېقىلغا سىغمايدىغان بىر ئىش بولدى. مەنمۇ بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم.

سۇڭ يۈي
زى لەن
: (بىرلىكتە) زادى نېمە گەپ؟

جىن شياڭ: ئەگەر خالىساڭلار، ئېيتىپ بېرىمەن. ئاۋال سىزگە ئېيتىمەن زى لەن، مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ. (زى لەننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ.)

زى لەن: ئۇستاز ئەشۇنداق قىلىقنى قىلدىما؟

جىن شياڭ: ئەگەر مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام مەنمۇ ئىشەنمەيتتىم دېمىدىممۇ. (پەلەمپەي بىلەن ئۇستىگە چىقىپ، قەستەن خالايىق ژىغىلغان تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدۇ.)

زى لەن: (جىن شياڭنىڭ كەينىدىن چىقىدۇ.) بولغان ۋەقەنى ئېنىقراق سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ.

جىن شياڭ: مەن ھازىر سىلەرگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەمەن. ئالدىرىماڭلار.

سۇڭيۈي پەلەمپەي ئاستىدا تۇرۇپ، خالايىقنى ھايدايدۇ.

سۇڭيۈي: (خالايىققا) ھەي، بىكار تەلەيلەر، قايتىڭلار، سىلەرگە بۇ يەردە ھېچگەپ يوق.

جىن شياڭ: (سۇڭ يۈيىنى توختۇتۇدۇ.) ياق، مەيلى ئاڭلىسۇن. بەرىبىر، بۇ خەۋەر، ئەلۋەتتە پۈتۈن پايتەختكە تارىلىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاڭلىماي قالمايدۇ. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئادەم سۆزلەپ بېرەي. مىش-مىش گەپلەر ھېچبولمىغاندا ئازىيىدۇ، ئۇلارنى باققا قويۇۋەت.

خەلق جىن شياڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كوچا ئىشىكىدىن ئېتىلىپ كىرىشكە باشلايدۇ. سۇڭيۈي سول ئىشىككە ژۇگۇرۇپ بېرىپ ئۇنى يېپىۋالىدۇ.

خەلق: مىرزا چۇي يۈەن جاناپلىرى نېمە بوپتۇ؟ بىزگە ئېيتىپ بەرسىلە.

جىن شياڭ: (ئورنىدىن تۇرۇپ پەلەمپەيىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ.) ھۆرمەتلىك خوشنىلار، ژۇرتداشلار، چۇي يۈەننىڭ ژۇقۇرى پەزىلەتلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكى سىزلەرگە مەلۇمغۇ؟

خەلق: خوش، شۇنداق. ئۇ بىزنىڭ جەنۇپ پادىشالىغىمىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇق دانا كىشىسى.

جىن شياڭ: چۇي يۈەننىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك شائىر ئىكەن-

لىگى سىزلەرگە مەلۇممۇ؟

خەلق: خوش، شۇنداق. ئۇ چۇ پادىشالىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرى.

جىن شىياڭ: بىلەمسىزلەر، ئۇ روھقا بېغىشلانغان «توققۇز مۇقام»نى ئىشلەپچىققان ئەمەسمۇ؟

خەلق: خوش، بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ يېڭى غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتالايمىز! (ئۇيەر - بۇيەردىن ئوقۇيدۇ)

كۈنچىقتى شەرقتىن نۇرچېچىپ،
پىشايۋانغا شوئىلىلەر سېپىپ...

جىن شىياڭ: ياخشى. ئەمدى مەن سىزلەرگە چۈي يۈەننىڭ نىمە بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

خەلق: ئوبدان، ئوبدان! بىزنىڭ ناھايىتى بىلگىمىز كې لىدۇ!

جىن شىياڭ: بۈگۈن پادىشاھىمىز چىن پادىشالىقىنىڭ ۋېزىرى جاڭيى جاناپلىرىنىڭ شەرىپىگە بىر ئۇزۇتۇش زىياپىتى بەرمەكچى ئىدى. مەلىكە مېھمانلارغا كۆرسۈتۈش ئۈچۈن چۈي يۈەننىڭ «توققۇز مۇقام» ئويۇنىنى شەخسەن ئۆزى تەييارلىغان ئىدى.

خەلقنىڭ بەزىلىرى: بىزنىڭ مەلىكىمىز ناھايىتى ماھىر!

جىن شىياڭ: مەلىكە ئويۇنغا رەھبەرلىك قىلىشتا چۈي يۈەن-دىن ياردەم ئېلىش ئۈچۈن، شاھزادىنى ئەۋەتىپ چۈي يۈەننى

ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدى.

خەلقنىڭ بەزىسى: ئۇندىن كېيىن نىمە بولدى؟

جىن شىياڭ: مەلىكە بىلەن چويىۈەن رېپېتىتسىيىنى باشلىغان چاغدا مەن ۋېزىر زى جۇنىڭ ئويىگە پادىشانى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئېۋەتىلگەن ئىدىم. بۇ چاغدا پادىشا زى جۇنىڭ ئويىدە ئىدى، بۇيەرگە ئۇ ۋېزىر بىلەن دولەت ئىشلىرى توغرۇلۇق كېڭەش قىلىشقا كەلگەن ئىدى، زى جۇنىڭ ئويىدە پادىشا بىلەن جاڭيى بار ئىكەن. پادىشا جاڭيىنى، زى جۇنى ۋە مېنى سارايغا تەكلىپ قىلدى. بىز سارايغا كەلدۇق.

خەلق: ئاندىن كېيىنچۇ! ئاندىن كېيىن نىمە بولدى؟

جىن شىياڭ: بۇيەردە ئېقىلغا سىغمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بىز سارايغا قايتىپ كەلگەندە «لىيخۇڭ» دېگەن ئويۇننىڭ رېپېتىتسىيىسى يېڭىلا تامام بولغان ئىكەن. ئاجايىپ ۋەقە. چويىۈەننىڭ قىلغىنى دېمەمسىلە. قېنى ئويلاپ تېپىڭلا، ئۇ نىمە قىلدى؟

خەلق: بۇتازا قارغۇنى يادا قىستاڭ دېگەن گەپ بولدى، بىز قانداق ئويلاپ تاپالايمىز؟... بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتمەيدۇ!

بوۋاي: ئارتۇقچە خوشال بولغانلىغىدىن ئەقلى - هوشىنى يوقاتقان بولمىغىدى!

خەلق: ياق، مىرزا جاناپلىرى ئۇنداق قىلماس! مىرزا

جاناپلىرى ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس!... ھەي چال! مىرزا!
جاناپلىرىغا ئاھانەت قىلما!..............

جىن شىياڭ: كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئادەم ئويلاپ تاپال-
مايدۇ. ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىنمۇ ئانچە ئىشەنمەسلىكلىرى
مۇمكىن.

خەلق: زادى نىمە بولدى؟

جىن شىياڭ: (ئاستا سۆزلەيدۇ) ھەي-ي-ي... بىز پادىشا-
ھىم بىلەن ئوردىغا قايتىپ كەلسەك، «لىڭخۇڭ» ناخشىسى يېڭىلا
ئاياغلاشقان ئىكەن. ئالدىدا پادىشا ماڭدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
جاڭيى، ئاندىن كېيىن زىجۇ، ھەممىنىڭ ئارقىدا مەن ماڭغان
ئىدىم. مانا چۈي يۈەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا، ئوردا زالىدا
مەلىكىنى مەككەم قۇچاغلاپ ئۇنى سۆيمەكچى بولۇپ تۇرۇپتۇ!
خالايىق ئىچىدە ھاياجان، ۋاراڭ-چۇرۇڭ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن: «بىز-
نىڭ چۈي يۈەن ئەشۇنداق قىلمىقىنى راس قىلدىمىكىن؟»، «بۇنىڭغا ئىشەن-
مەيمىز!...»، «مىرزىنى ھاقارەتلەۋاتىسىز»... دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

جىن شىياڭ: مەن بايا ئېيتتىمغۇ، ئەگەر مەن ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ ئىشەنمەيتتىم. بىز ھەممىمىز
بىلىدىغان چۈي يۈەنغۇ... ئۇ مۇشۇنداق قىلىقنى نەدە قىلدى دەڭ-
لا، پادىشا ئوردىسىدا، مۇقەددەس بىر جايدا قىلدى! يەنە
كېلىپ بىز ھەممىمىز ئالايىتەن ھۆرمەت قىلىدىغان مەلىكىگە!
(ئىشىككە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان زىجۇنى كۆرۈدۇ.) مانا

ۋەزىرنىڭ ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ، بۇمۇ گۇۋا. بىر چەتكە تۇرۇپ يول بوشۇتۇپ بېرىڭلا.

ھەممە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ، ئارقىغا سىلجىپ زى جۇغا يول بوشۇتۇپ بېرىدۇ. غۇلغۇلا، تەئەججۇپلىنىش ئاۋازلىرى توختىمايدۇ. زى جۇ باققا كىرىدۇ. سۇڭيۇي ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

زى جۇ: ئىشلار قانداق؟ مىرزا چۇيۈەن تېخى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟

سۇڭيۇي: ۋەزىر جانابلىرى، ئۇستاز قاتتىق پاراكەندە بولغان بىر ھالدا قايتىپ كېتىپتۇ؛ ئۇ ھېچكىمنى كورۇشنى خالىمايدىكەن. ھازىر ئۇ، دەم ئېلىۋاتسا كېرەك.

زى جۇ: (جىن شياڭ بىلەن زى لەننى كورۇپ.) سىلە بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى بولدىمۇ، بەلكىم چۇيۈەننى كورگەنسىلە؟ (پەلەمپەي بىلەن شىپاڭغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۇڭيۇي چىقىدۇ.)

زى لەن: مەن ئۇستازنى كوردۇم. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپتۇ، يالاڭپاش. ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇ ژۇرۇۋگوم بىرىلىپ كېتەي دېدى دەيدۇ. يەنە مېنى ھالاك قىلدى، لېكىن مېنى ئەمەس، چۇ پادىشالىقىنى ھالاك قىلىشتى، دەيدۇ.

زى جۇ: مېنىڭچە، ئۇ ھەقىقەتەن خەتەرلىك كىشى. (جىن شياڭغا قاراپ.) سىزمۇ ئۇنى ئىزلەپ كەلدىڭىزمۇ؟

جىن شياڭ: ھەئە، مەن ئۇنىڭدىن بەك ئەنسىرىدىم، مانا ھازىرلا مەشەگە كەلدىم، تېخى ئۇنى كۆرگىنىم يوق.

زى جۇ: (سۇڭ يۈيگە قاراپ.) ئەڭ ياخشىسى بۇيەرگە داخان چاقىرىش كېرەك، ئۇ چۈي يۈەننىڭ روھىنى چاقىرىپ بەرسۇن، چۈي يۈەن ئەقلىدىن ئادىشىپ قاپتۇ.

سۇڭ يۈي: ئېيتىشلارچە، ئۇستازىمىزنىڭ مەلىكىگە بىشەدەپلىك قىلغىنى راسمۇ؟

زى جۇ: ئەلۋەتتە، راس. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەھرەمبەگمۇ كۆردى. بىزنىڭ پادىشاھىمىز ۋە چىن پادىشالىغىنىڭ ۋەزىرى جاڭ يىمۇ كۆرۈشتى. بەختكە يارىشا، بىز دەل ۋاختىدا كەلگەن ئىكەنمىز. بىز چۈي يۈەننىڭ مەلىكىنى قاتتىق قۇچاغلىۋېلىپ، ئۇنى سويمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، مەلىكە ئۇنىڭدىن ئاجرىلىپ، مېنى قويۇۋەت دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى كۆردۇق. چۈي يۈەن مەلىكىنى سويەلمىدى. ئۇ پادىشانى كۆرۈپ مەلىكىنى قويۇۋەتتى. بىر ئاز كېچىكىپ كەلگەن بولساق، چۈي يۈەن ئۆزىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھاياتىدىنمۇ ئايرىلاتتى. ئۇنىڭ ئاق سۆيەك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، پادىشا ئۇنى كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ، مەلىكە ئۇنى قانداق كەچۈرسۇن؟ بەختكە، ئۇ ئۆزىنىڭ قەبىھ قەستىنى ئورۇنلىيالمىدى. ئۇنىڭ ئامان قالغانلىقىمۇ ئەنە شۇنىڭدا.

سۇڭ يۈي: (بىر ئۇھ تارتىپ.) ئۇھ ھ...، ئۇستازىمىزنى

بۇنداق پەسكەشلىك قىلىدۇ، دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن!

زى جۇ: مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بويان مەسلىھەت بېرىپ كەلگەن ئىدىم، چويىيۇەننىڭ بويتاق ژۇرگىنىگە ئىككى ژىل بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئويلۇنۇشقا دالالەت قىلدىم. ئۇ ھامان ئارقىغا سوزۇپ كەلدى. ماڭا ئويلاپ باق، 40 ياشقا كىرىپ قالغان بويتاق ئادەم گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلىپ تۇرغان باھار ئالدىدا چاتاق چىقارماي تۇرالسۇنمۇ؟ مەن ئۇنى كورگىلى كەلدىم. ئۇ مەنسۇبىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىللە ئىشلىگەنلىگىمىزنى ئۇنۇتقىنىم يوق. لېكىن ئۇ ھېچكىمنى كورۇشنى خالىمىسا، مەن ئۇنى پاراكەندە قىلماي. (سۇكيۇيگە.) سەن ئېقىللىق بالا، سوزۇمگە قۇلاق سال، ئۇنىڭغا دۇئا ئوقۇتۇش كېرەك. ئەقلى - ھوشىغا كەلسۇن. بىز ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ژىل بىللە خىزمەت قىلدۇق، سىزلەرمۇ ئۇنىڭ شاگىرتى، شۇنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىش كېرەك...

بوۋاي: شۇنداق، بىزدائىم ئۇنىڭ بىلەن خوشنا بولۇپ كەلگەن ئىدۇك. (خەلققە قاراپ.) ھورمەتلىك جامائەت، كېلىڭلار، چاۋادىن بىر قوچاق ياسايلى!

توپ ئىچىدىن بىر نەچچە ئادەم چاۋا توپلاشقا چىقىپ كېتىدۇ. قالغانلىرىنىڭ بەزىسى گوماندا قېلىپ، بېشىنى چايقايدۇ، بەزىسى چەكچىيىدۇ.

بوۋاي: سۇكيۇي، ئوغلۇم، سەن تېزراق چويىيۇەننىڭ كىيىمىنى ئېلىپ كەل.

سۇڭيۈي ئىسكىلىنىپ تۇرۇدۇ.

زىجۇ: سۇڭيۈي بوۋاينىڭ ئېيتقىنىنى قىل، سەن چۈي يۈەنىنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتى ئەمەسمۇ؛ سەن ئۆز بۇرچىڭنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك. نېمىشكە تېزراق بولمايسەن؟

سۇڭيۈي: ئۇستاز بۇنى بىلىپ خاپا بولامدىكىن دەپ قورقىمەن.

زىجۇ: سەن ئاستا شەن جۈەنگە ئېيت، ئۇ بىلىندۈرمەستىن ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ بەرسۇن.

سۇڭيۈي: ئوبدان، مەن ئۆز بۇرچىمنى ئادا قىلىپ، سىلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلىمەن.

زىجۇ: ناھايىتى ياخشى. مەن بۇيەردە كۆپ تۇرماي؛ دەرھال ئۆيگە قايتاي.

جىن شياڭ: مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە كېتىمەن، ۋېزىر. (زىلەنگە.) سىزچۇ؟

زىلەن: مەن بۇيەردە قېلىپ، روھىنى قانداق چاقىرىدىغانلىغىنى كۆرمەكچىمەن، مەنمۇ ئۆز بۇرچىمنى ئادا قىلىشىم كېرەك.

زىجۇ: ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى. سىزمۇ چۈي يۈەنىڭ شاگىرتى بولغاندىن كېيىن، شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. مەلىكە قايتىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويارمەن. خەير، ھۆرمەتلىك خوشنىلار ۋە ئاقساقاللار، بۇيەردىكى ھەممە

ئىشلارغا ھە ـ ھۇ قىلىشقىلا!

خەلق: ھەممىسىنى قىلىمىز، خاتىرجەم بولۇشسىلا!

جىن شياڭ: قىنى ماڭايلى.

بۇ ئىككۇيلەن پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن سۆز- لەشكەن ھالدا كوچا ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

زى جۇ: ھەقىقەتتە، «بالا ـ قازا كورۇنۇپ كەلمەس، بۇ- تى ـ قولى ساڭگىلاپ». ئادەتتىن تاشقىرى قەيسەرلىك ھەقى- قەتەن باشقا بالا بولۇدۇ.

جىن شياڭ: سىلە چۈي يۈەنگە پىڭۋاشتىن ئويلۇنۇشنى مەسلىھەت بەرگەنتىلە، بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇ شۇنداق ئادەم تالالايدىكى، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىدىن باشقىسىنى ياراتمىسا كېرەك.

زى جۇ: ھەممە بەلا مانا مۇشۇنىڭدا. شائىرلار ھەر قاچان يوق نەرسىلەرنى خىيال قىلىشىدۇ. بۇخىياللار ئاخىرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.

جىن شياڭ: بۇ توغرى، ئۇلارغا دەججالغا ئوخشايدىغان «مومۇ»① چىرايلىق كورۇنۇپ، پەرىزاتقا ئوخشايدىغان «شى سى»② سەت كورۇنۇشى مۇمكىن. ھېچنىمىگە قانائەت قىلمايدىغان كىشى- لەر ئۆزىنى ھالاكەتكە تۇتۇپ بېرىدۇ.

①ئەڭ سەت ئايالنىڭ ئىسمى.

②ئەڭ چىرايلىق ئايالنىڭ ئىسمى — تەھ.

زىجۇ بىلەن جىنشياڭ چىقىپ كېتىدۇ.

بوۋاي: (ئىككىيلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن) سۆڭ يۈي، ئوغلۇم، ژۈگۈر، چۈي يۈەننىڭ كىيىمدىن بىرنى ئېلىپ كەل.

سۆڭ يۈي: (زىلەنگە قاراپ) شاھزادە، سىز ھويلا ئىشىكىنىڭ قېشىدا قاراپ تۇرۇڭ.

بۇ ئىككىسى ئىشىككە قاراپ مېڭىشىدۇ.

زى لەن: بولدى، سەن كېتىۋە. شەن جۈەننى بۇيەرگە چاقىرغاچ كەل.

سۆڭ يۈي: مەن ئۇنى چاقىراي. لېكىن ئۇ كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ، كېپىللىك قىلالمايمەن. مېنىڭچە، بۇ بوۋاي سىزگىمۇ دۇئا ئوقۇپ، روھىڭىزنى چاقىرىپ بەرمىسە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

زى لەن: ھوۋۋ شەيتان! سەن، بەلكىم، ئۇستاز ساراڭ بولۇپ قالدى، ئەمدى ھېچكىم مەندىن ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ، دەپ خوشال بولۇدىغانسەن. شۇنداقمۇ؟

سۆڭ يۈي: قارا، سېنىڭ ئەقلىڭنى! (چىقىپ كېتىشىدۇ.)

بوۋاي: (بېشىنى چايقاپ) ھەيىيى، بۇ ياش بالىلاردىن ھەققەتەن ۋاپا كەلمەيدۇ! ... ئوھو، چاۋا قوچاقنىمۇ جايلاپ كېلىشىپتۇ، چاققان كەپسىلەر......

بىر نەچچە ئادەم چاۋادىن ياسىغان قوچاقنى ئەپكىلىپ، ئۇنى بوۋايغا بېرىدۇ.

خەلقنىڭ بىرسى: ھەممە بىر نىيەتتە بولسا، ئىش چاپسان پۈتۈدۇ.

بوۋاي: ھازىر ئالدىراش ۋاخىت. ئىش قانچىلىك تېز بولسا، شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ. (شىپاڭغا كىرىدۇ، قوچاقنى شىپاڭنىڭ ۋادىكىگە يۆلەپ قويۇپ، خالايىققا قارايدۇ) قېنى، باشلايلى. ھالقا شەكلىدە بولۇڭلا. مەن مۇراسىمنى باشلىغاندا، «لىڭخۇڭ»نى ئوقۇپ، ساماغا چۈشۈڭلە.

ۋىغىلغانلار ھالقا بولۇشقا باشلايدۇ. لېكىن بەزىلەر يەنە گۇماندا بولىدۇ.

سۈكيۈي قايتىپ كېلىدۇ، چۈي يۈەننىڭ ئاق يەكتىگىنى ئېلىپ كېلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شەنجۈەنمۇ بىللە كېلىدۇ، قولىدا كۆچۈك بار. بوۋاي سۈكيۈينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاق يەكتەكنى ئالىدۇ ــ دە، شىپاڭغا چىقىدۇ.

بوۋاي: ئەمدى قوچاقنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن چۈي يۈەننىڭ تۇتقانلىرىدىن بىرسىنىڭ بىر نەچچە تامچا قېنى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇل بالا ياكى قىز بالىنىڭ قېنى لازىم. ھازىر بۇيەردە چۈي يۈەننىڭ تۇتقانلىرىدىن بىرسىمۇ بولمىغانلىقتىن، مېنىڭچە، شەن جۈەننىڭ قېنى بولۇۋېرىدۇ. شەن جۈەن مەيەگە كەل، بارمىقىڭنى تىلىپ قېنىنى قوچاقنىڭ ئۈستىگە تامغۇز. *

شەن جۈەن ئىككىلىنىدۇ.

خەلقنىڭ بىرسى: سەن شۇنچىلىكمۇ ۋاپاغا يارىماسەن؟

بىزمۇ ياردەم قىلىۋاتىمىزغۇ؟
شەنجۈن كىچىككىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، دەرھال شىپاڭغا چىقىدۇ.

بوۋاي: (خالايىققا قاراپ.) روھنى چاقىرىشقا باشلايلى.
ئاۋال «لىخۇڭ»نى ئېيتىڭلار. (يەكتەكنى قوچاق ئالدىغا ئېلىپ
كېلىپ، قوچاققا سەجدە قىلىدۇ.)

خالايىق: (ئوقۇيدۇ.)

ئوقۇيمىز ناخشا، چالىمىز ناغرا،
قولىمىزدا گۈل، ئوينايمىز ناۋا.
بىر-بىرىمىزگە گۈللەر تۇتۇشۇپ،
قىزىتىمىز بىز ئۇسۇلنى راسا.
باھارپەسلىدە ئېچىلار لەنخۇا،
كۈزدە ئېچىلار گۈل شاھى جۈيخۇا.
رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ،
تازىم قىلىدۇ بوي ئېگىپ زىلۋا.

(3 قېتىم تەكرار ئوقۇپ، پەلەمپەي ئالدىدا توختايدۇ.)

بوۋاي: «لىخۇڭ» تامام بولدى، ئەمدى قان تامغۇزىمىز.
(شەن جۈەننى قوچاقنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولى-
نىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى تىلىپ، قېنىنى قوچاقنىڭ بېشىغا تام-
غۇزىدۇ. ئاندىن كېيىن شەن جۈەنگە شىپاڭدىن چۈشۈپ كەت
دەپ ئىشارەت قىلىدۇ.)

شەن جۈەن سۇلىيۈننىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرىدۇ.

بوۋاي: (چۈي يۈەتىنىڭ يەكتىكىنى يۆلىگىشتىپ) قۇدرەت-

لىك شەرق مالائىكىسى، ئۇلۇق نۇرۇڭ بىلەن ھازىر بول. تەقـ
دىرنىڭ مۇئەككىلى، بۇلۇتلار مۇئەكـكىلى، بىزگـە ئىلـتىپات
قىلغىلا، بىزگە مەرھەمەت قىلغـىلا. بۇيەردە، چۇپادىشالىغىنىڭ
مىرزىسى، شائىر چۇي يۈەننىڭ روھى ئىنىدىن چىقىپ كەتتى.
خوشنىلا ۋە بىر ژۇرتلۇقلار ئۇنىڭ روھىنى چاقىـرىدۇ. ھەي
مەدەتكار مالائىكىلار، ئۇنىڭغا رەھمى قىلـغىلا، ئۇنىڭ روھىنى
ۋەتىنىگە قايتۇرۇڭـلا. (يەكتەكنى قوچاقنىڭ ئۇستىگە يىيىپ،
يەنە سەجدە قىلـىدۇ، ئاندىن كىيىن قوچاقنى قولغا ئېـلىپ،
شەرق تەرەپكە قاراپ يۇلاڭشىتىپ، ئاۋازىنى سوزۇپ ئېيتىدۇ.)
قايتىپ كەل، مىرزا چۇي يۈەن قايتىپ كەل.

خالايىق ئەگە قوشۇلۇپ ئېيتىدۇ.

بوۋاي: شەرقـقە بارما؛ ئۇيەردە ئون قۇياش بار، ھەتتا
تومۇر، تاشلارنى ئېـرىتىۋېـتىدۇ؛ ئۇيەردە بويى مىڭ غۇلاچ
كېلىدىغان دىۋە بار؛ ئۇلار روھىڭنى ئېلىپ قاچىدۇ. (جەنۇپقا
قاراپ يۇلاڭشىتىپ،) مىرزا چۇي يۈەن، قايـتىپ كەل، قايتىپ
كەل.

خەلق ئەگە ئېيتىدۇ.

بوۋاي: جەنۇپقا بارما؛ ئۇيەردە ئادەمخور بەدنىۋلەر بار،
بېشىغا گۇللەر ئويۇلغان، چىشى قاپ ـ قارا. ئۇيەردە ئادەم يەيـ
دىغان يالماۋۇز، ئالۋاستى ۋە توققۇز باشلىق ئەژدىـھار بار؛
ئۇلار سېنى يەپ قويىدۇ. (غەرپكە قاراپ يۇلاڭشىتىپ،) قايـ

تىپ كەل، قايتىپ كەل، مىرزا چوڭ يوڭ.

خەلق تەڭ قوشۇلىدۇ.

بوۋاي: غەرىكە بارما؛ ئۇيەردە پايانسىز چول- باياۋان بار، ئۇيەردە سەن سىيسىپ كېتىسەن؛ ئۇيەردە يوغانلىقى پىلدەك قىپ- قىزىل چۈمولىلەر بار، تېنىڭنى يەيدۇ، ئۇيەردە كاۋىدەك يوغان قارا ھەرىلەر بار، سۆڭەكلىرىڭنى بۇردە- بۇردە قىلىۋېتىدۇ. (شىمالغا قاراپ پۇلاڭشىتىپ.) مىرزا چوڭيوڭ قايتىپ كەل، قايتىپ كەل.

خەلق تەڭ قوشۇلىدۇ.

بوۋاي: شىمالغا بارما؛ ئۇيەردە چوڭقۇر دېڭىزلەر بار، مۇز تاغلار بار؛ ئۇيەردە داۋۇ- دەرەخ ئوسمەيدۇ؛ ئۇيەردە سەن مۇزلاپ قالىسەن. (شىپاڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئاسمانغا پۇلاڭشىتىدۇ) قايتىپ كەل، مىرزا چوڭيوڭ قايتىپ كەل.

خەلق قوشۇلىدۇ.

بوۋاي: ئاسمانغا ئۇچما؛ ئاسماننىڭ توققۇز دەرۋازىسى بار، ئۇلارنى يولۋاس- قاپلانلار ساقلايدۇ؛ ئۇيەردە توققۇز باشلىق بەد ھەيبەت مەخلۇقلار ئاچ بورىلەرنى ھايداپ ژۈرۈيدۇ ۋە ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ يەرنىڭ تەھتىگە تاشلىۋېتىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ سەن بىلەن كارى يوق. (شىپاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەرگە قاراپ پۇلاڭشىتىدۇ) قايتىپ كەل، قايتىپ كەل، مىرزا چوڭيوڭ.

خەلق قوشۇلۇدۇ.

بوۋاي: يەر ئاستىغا كەتمە؛ ئۇيەردە يەرمۇ ئەككىلى ياشايدۇ، ئۇننىڭ ئۇچ كوزى، ئىككى مۇڭگۇزى بار، بېشى يولۋاسقا، تېنى كالىغا ئوخشايدۇ، دۇمبىسىدە قانغا بويالغان قولى بار؛ ئۇلار ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ يەيدۇ. ساڭا دۇئا ئوقۇيمىز، ئۇيەرگە بارما. (شىپاگەرا ئايلىنىدۇ.) قايتىپ كەل، قايتىپ كەل. مىرزا چۈي يۈەن.

خەلق تەك قوشۇلۇدۇ.

بوۋاي: ئوز ئويۇڭگە قايتىپ كەل؛ سېنىڭ بۇيەردە جۇيزىلىك بېغىڭ بار، شىپاگەلرىڭ بار؛ ھەممە خوشنىلىرىڭ مەشەدە؛ سېنىڭ خىزمەتكارىڭ شەن جۈەن، شاگىرتىڭ زى لەن ۋە سۇڭ يۈي، سېنىڭ كىچىككۈڭ مەشەدە. (پىر – پىر ئايلىنىدۇ.) بىز ئىلتىماس قىلىپ سورايمىز، بىزنىڭ قېشىمىزغا تېزرەك قايتىپ كەل، تېزرەك، تېزرەك! (بارغانسېرى ئىتتىك ئوقۇيدۇ.)

خەلق بوۋايغا ئەگىشىپ، بىرلىكتە تەكرارلايدۇ.

تۇيۇقسىزلا چۈي يۈەن پەيدا بولۇدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىدە قارا ئۇزۇن چاپان، چىچى چۇۋۇق، سۇڭ يۈي بىلەن زى لەن داۋاملىق ئايلىنىپ ئوقۇيدۇ. شەن جۈەن بۇلارنى كۆزۈتۈپ تۇرۇدۇ. چۈي يۈەننىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېچكىم سەزمەيدۇ.

چۈي يۈەن: (غەزەپ بىلەن.) نېمە ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلىشىسىلەر بۇ يەردە؟

سۇلكيوي، شەنجۇەن، زى لەن ۋە تۇپىلانغانلارنىڭ ھەممىسى چۇچۇپ، بۇرۇلۇپ قارايدۇ. چۇي يۇەن ئالدىراشلىق بىلەن شىپاڭنىڭ قېشىغا كېلىدۇ.

بوۋاي: (شىپاڭدىن ئالدىراپ چۇشۇپ، چۇي يۇەنگە ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ) مىرزا جاناپلىرى، بىز سىلىنىڭ روھلىرىنى چاقىرىۋاتىمىز.

چۇي يۇەن: سىلەرگە مېنىڭ روھىمنى چاقىرسۇن، دەپ كىم ئىلتىماس قىلدى؟ ھەي، بىپەرۋا كىشىلەر! سىلەر، ئەشۇ جادىگەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىۋاتىسىلە. ئۇ سۇمۇرۇغنى توخۇ دەيدۇ، زىراپىنى قوي دەيدۇ، ئەژدىھانى سازاڭ دەيدۇ، يوغان ياقا چاناقنى قوڭغۇز دەيدۇ، مېنىڭ روھىمنى چاقىرسۇن دەپ سىلەردىن كىم ئىلتىماس قىلدى؟ سىلەر غاپىل بولماڭلار! ئەشۇ جادىگەرنىڭ ھىلىگەرلىك سۆزلىرىگە ئىشىنىۋاتىسىلەر، ئۇ جادىگەر لالەرەيھاننى ياۋتاق دەيدۇ، ھەپىرەڭ گۈلنى شۇمبۇيا دەيدۇ. ئۇ جادىگەر قاش تېشىنى داشقال دەيدۇ، گۈزەل شى سىنى دەججال مومۇ دەيدۇ. بىپەرۋا بولماڭلار! مېنىڭ روھىمنى چاقىرسۇن دەپ كىم سىلەردىن سورىدى؟ (بوۋاينىڭ قولىدىن قورچاقنى تارتىۋالىدۇ.)

بوۋاي: (چۆچۈپ، بېشىنى تۇتۇپ قاچىدۇ.) مانا ھەقىقەتەن ئېسىنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇ تەلۋىلىك قىلىۋاتىدۇ!

ھەممە قورقۇشۇپ ئەگىن تەرەپكە قېچىشىدۇ. بەزىلىرى يەنە غەمگۇزار

بولۇپ، بەزىلىرى گۇمانلىنىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويىدۇ.

چۇي يۈەن: (قېچىپ كېتىۋاتقانلارغا غەزەپ بىلەن قارايدۇ، ئاندىن كېيىن قوچاقنى يەرگە ئاتىدۇ.) خەير، مېنى هالاك قىلماقچى بولدۇڭ، ئەمما مېنى ئەمەس، چۇ پادىشاھىنى هالاك قىلدىڭ. (بېشىنى تۇتۇپ ئۆيگە ژۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىدۇ.)

سۇڭ يۈي، زى لەن ۋە شەن جۈەن ئۈنچۈقماستىن، بولغان ۋەقەنى كۆزۈتۈپ تۇرۇدۇ. سۇڭ يۈي قوچاقنى ئېلىپ شىپاگىغا چىقىدۇ، ئۇنى ۋادەككە يولەپ قويۇپ شىپاگىنىڭ ئۈتتۇرىسىدا ئۈي ئويلاپ مېڭىپ ژۈرۈدۇ.

زى لەن: ئۇ مېنى ناهايىتى قورقۇتىۋەتتى. بولدى ئەمدى، مەن بۇ يەرگە ئىككىنچى قەدەم باسمايمەن. شەن جۈەن، سەنچۇ؟

شەن جۈەن: مېنى دەمسەن؟

زى لەن: سەن ساراڭدىن قورقماسەن؟

شەن جۈەن: سەن ئۆزۈڭ ساراڭ. سىلەرنىڭ سۆزۈڭلەرگە ئىشەنمەيمەن.

زى لەن: سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن ئەھۋالغا ئىشەنمەمسەن.

شەن جۈەن: مەن ئىشەنمەيمەن دېدىم ئىشەنمەيمەن. ئۇستاز «مېنى هالاك قىلدىڭ» دەپ ئۇچۇقنى ئېيتتىغۇ، مەن ئۇنىڭدىن نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سوراشقا پېتىنالمىدىم.

زى لەن: ئىست، سەن بۇ يەردە هازىر زىجۇ بىلەن جىن شىپاگىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىمىدىڭ.

شەنجۇەن: ئۇلار زادى نېمە دېدى؟

زى لەن: ئۇلار ئۇستازنى كۆرگىلى كەلگەن ئىكەن. ئۇستاز ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغاچقا، ئۇلار بىز بىلەن پاراڭلىشىپلا كېتىپ قالدى.

شەنجۇەن: زادى نېمە دېدى؟

زى لەن: ئۇلار ئوردىدا ئۇستازنىڭ ئانامنى قۇچاغلاۋېلىپ سۆيمەكچى بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.

شەنجۇەن: يالغان! مەن بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

زى لەن: يالغان؟ مەن ساڭا ھەممىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەي، بەلكىم، ئىشىنىپ قالارسەن. سەن بىلمەسەنغۇ، بۈگۈن ئەتىگەن مەن ئۇستازىمىزنى ئوردىغا چاقىرغانلىقىمنى؟ ئانام ۋەزىر جاڭيىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان زىياپەتتە «توققۇز مۇقام» ئويۇنىنى قويۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇنى تەكلىپ قىلدى. ئانام ئۇستاز بىلەن ئوردىدا قېلىپ، ئويۇن تەييارلاش بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى، دادام زى جۇنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئىدى. ئويۇننى* باشلاش ۋاقتى يېقىنلىشىپ ئانام جىن شياڭنى دادامنى چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. دادام زى جۇنىڭكىدە جاڭيى بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. دادام، جاڭيى، زى جۇ ۋە جىن شياڭلار ھەممىسى ئوردىغا بىرلىكتە قايتىپ كېلىدۇ. مانا، ئويلاپ كۆر، ئۇلار كىرىپ قارايدىكى، ئۇستاز ئانامنى مانا مۇنداق قۇچاغلاپتۇ... (شەنجۇەننى قۇچاغلىماقچى بولىدۇ).

شەنجۇەن چوچۇپ ئۇزنى چەتكە ئالىدۇ.

زى لەن: ئانام بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ قوچۇغىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، شۇنداقمۇ بولامدۇ؟ ئۇستاز دادامنى كورۇش بىلەنلا ئانامنى دەرھال قويۇۋېتىپتۇ. دادامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇستازنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. زى جۇ، ياخشىمۇ ۋاختىدا قايتىپ كەپتۇق؛ بىر ئاز كېچىككەن بولساق، بىزنىڭ ئۇستاز، مەنسۇۋىدىن ئايرىلىش بىلەن قۇتۇلىشى دەرگۇمان ئىدى، دەيدۇ.

شەنجۇەن: ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېدىما؟

زى لەن: سىنى ئالدايمەنمۇ؟ سۇڭيۇيدىن سورا. خوش، مېنى كېچىر. مېنىڭ بۇ يەردە بىر مۇھىم نەرسەم بار ئىدى، شۇنى ئېلىۋالاي. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

شەنجۇەن: (شىپاگىنىڭ قېشىغا كېلىپ سۇڭيۇيغا.) ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق دېدىما؟

سۇڭيۇي: ھەممە بەلا مانا مۇشۇنىڭدا: ئۇلار بىللە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ توغرۇلۇق گەپنى باشقا ـ باشقا ۋاختىتا ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېيتقان سوزلىرىنىڭ ھەممىسى بىر يەردىن چىقتى.

شەنجۇەن: سەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

سۇڭيۇي: مەنمۇ ئىككى خىيال. ئىشەنمەي دېسەم تېخى، ئۇستازىمىز ئىككى ژىلدىن بۇيان بويتاق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر

باھار ۋاختى...

شەنجۇەن: سەنمۇ ئۇستازغا ئاھانەت قىلىۋاتامسەن! سېنىڭ ۋاپا قىلمايدىغانلىقىڭنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ ژۈرەتتىم!

سۇلىڭيۈي: دۇرۇس، مېنىڭمۇ ئىشەنگىم يوق. لېكىن ئىشەنمەسلىككە نېمە دەلىل بار؟

شەنجۇەن: ئۇ يەردە نېمە دېيىشكەن بولسا، بولسۇن، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەچكە، ئىشەنمەيمەن، مەن ئۆزۈم دەلىل. مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇستازغا خىزمەت قىلىمەن. ئۇ ماڭا ئۆز قىزىدەك قارايدۇ. ئۆزىنى ناھايىتى قاتتىق تۇتۇدۇ... بۇ دەلىل ئەمەسمۇ؟

سۇلىڭيۈي: (كۈلىدۇ.) خا - خا - خا! شەنجۇەن، سەن بەلكىم، ئۆزۈڭنى ناھايىتى چوڭ چاغلاۋاتىسەن.

شەنجۇەن: نېمە؟ ئەگەر سەن مۇشۇنداق دېيىشكە پېتىنغان بولساڭ، ھەقىقەتەن، ئۇستازدىن يۈز ئۆرۈپسەن.

سۇلىڭيۈي: مەنمۇ ناھايىتى خىجىل. بۇنىڭغا ئىلاجى يوق. ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ يەردە كۆپ تۇرالمايمەن. مېنى تۇز كور دەپ ھېساپلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما مەن ئۇستازنىڭ ئارتۇقلۇقلىرىنى ئۆگىنىپ بولدۇم. مەن ساڭا، شەنجۇەن، بىر نەرسە سوغات قىلماقچىمەن.

شەنجۇەن: ماڭا سېنىڭ ھېچنەرسەڭ كېرەك ئەمەس.

سۇلىڭيۈي: ئۇستاز يازغان بىر ئەسەرنى دەيمەن...

شەنجۈەن: (شىپاگىغا ژۈگۈرۈپ چىقىدۇ.) ئۇستاز يازغان؟

سۇڭيۈي: (قوينىدىن «جۈيزە ھەققىدە قەسىدە» دېگەن شېئىرنى چىقىرىدۇ.) بۇ ئۇستاز بۈگۈن ئەتىگەن يازغان شېئىر. (ئۇنى شەنجۈەنگە بېرىدۇ.)

شەنجۈەن: (قاتلىما دەپتەرنى ئېلىپ ئۇنى ئېچىپ ئوقۇيدۇ؛ ئۇنىڭ يۈزىدە ھاياجانلىق ئەكس ئېتىدۇ.) «جۈيزە ھەققىدە قەسىدە» — بۇ تىللاردا داستان بولۇپ كۈيلىنىدىغان، مەن دۇنيادا ھەممە نەرسىدىن كۆپرەك ياخشى كۆرىدىغان جۈيزە توغرىسىدىكى شېئىر.

سۇڭيۈي: بۈگۈن ئەتىگەن، مەشەدە، شىپاگىدا ئۇستاز مۇشۇ قەسىدىنى ماڭا سوغات قىلىپ، ماڭا ئۇزۇن نەسىھەت قىلىپ كەتتى.

شەنجۈەن: بۇ نەسىھەتنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە.

سۇڭيۈي: ئۇ بەك ئۇزۇن، ھازىر ئۇنتۇپ قالدىم. ئاڭلىغان ۋاقتىدا بەك چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى، ئەمدى باشقىچە ھېس قىلىۋاتىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئېسىمدە. ئۇستاز ماڭا جۈيزە دەرىخىدىن ئۈلگە ئېلىشىمغا مەسلىھەت بەردى. ئۇ جۈيزە دەرىخىگە قورقاقلىق، بىكارچىلىق يات. جۈيزە دەرىخى مەككەم دەرەخ، دەپ، مۇشۇ شېئىردىكى مەنالارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

شەنجۇەن: ئۇ يەنە نېمە دېدى؟

سۇلڭيۇي: ئۇ يەنە بىزنىڭ زامانىمىزنىڭ تېچسىزلىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ئاچلىق بىلەن شۇ ياڭشەندە ئۆلگەن ۋىجدانلىق بويىغا ئوخشاش مۇستەھكەم بولۇشۇمغا مەسلىھەت بەردى. ئۇ ئېيتتىكى، باشقا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن ژىللاردا پارلاق ياشاش، مەرتلەرچە ئۆلۈش كېرەك.

شەنجۇەن: بۇ نېمىدىگەن ئوبدان ئېيتىلغان!

سۇلڭيۇي: ھەئە، ناھايىتى گۈزەل. بۈگۈن ئەتىسىگەن ئۇستازنىڭ ماڭا قىلغان سۆزلىرى مېنىڭ خاتىرەمگە ئەبەدىي ئورنىتۇلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن ھازىر مېنىڭ سېزىشىمچە، ئېيتىش ئاسان، ئەمما ھەقىقىي ئادەم بولۇش بەك تەس ئىكەن.

شەنجۇەن: سەن ئۇستازنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەت بىلەن ئوخشاش ئەمەس، دېمەكچىمۇ سەن؟.

سۇلڭيۇي: مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى ئېيتىۋاتىمەن. بۇنى يەنە ئۇستازغا ئايرىپ تاقاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما ئۇستاز يەنە بەزى سۆزلەرنى قىلدى، بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن كۆپ پايدا ئالدىم.

شەنجۇەن: قانداق گەپلەرنى قىلدى يەنە؟

سۇلڭيۇي: ئۇ ئۆزىنىڭ شائىرلىق تەجرىبىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇستاز ئادىدىي خەلقتىن، ھەتتا كىچىك بالىلاردىن

ئۇگۇنۇدىكەن... ئۇندىن باشقا ئۇ ماگا: مېنى تولىمۇ ژۇقۇرى باھالىما، ئۆزۈگنى - تولىمۇ - كەمستمە، — دېدى.

شەنجۇەن: ھىم... مېنىڭچە سەن ئۆزۈگنى ئۇستازدىن ژۇقۇرى تۇتۇۋاتامسەن.

سۇڭيۇي: تولىمۇ زىنفر تەشتىلىك قىلما، شەنجۇەن. خەلقتىن ئۇگۇنۇش بۇ ھەقىقەتەن قىممەتلىك مەسلىھەت. بىلىسەنغۇ، مەن سېنى ئالدىماقچى ئەمەسمەن، بايا مەشەدە بىر قېرى بوۋاي چۇي يۇەننىڭ روھىنى چاقىرغاندا، ماگا ناھايىتى ئوبدان بىر ئەسەر ئۇچۇن ئىلھام كەلدى. پات يېقىندا ئۇنى يازىمەن ۋە بۇ ئەسىرىمگە «روھ چاقىرىش» دېگەن نامنى بېرىمەن. مېنىڭ يازىدىغان نەرسەم ئۇستازىنىڭ «توققۇز مۇقام» ئەسىرىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل ئەسەر بولۇشقا ئىشەنچىم بار.

شەنجۇەن: ئۇنداق بولسا، مەن سېنى تەبرىكلەيمەن، لېكىن يازغان نەرسەڭ ئۆزەگنىڭ روھىنى چاقىرىدىغان بولۇپ قالمىسۇن.

سۇڭيۇي: سەن يەنە مېنى تىللاۋاتىسەن؛ بوپتۇ، تىللىساڭ - تىللاۋە. (پەلەمپەي بىلەن پەستكە چۈشۈدۇ.) بەربىر، مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن.

ئۆيدىن زى لەن چىقىدۇ، قولىدا خەت يېزىلغان بىر قانچە كونا باھبۇك، ژىپەك رەخت دەپتەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازا بەنئاۋاڭ بىلەن ئاشپەز موماي ئاخۇاڭ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ قولىدىمۇ يوتقان-كورپىلىرى بار.

شەنجۇەن: (شىپاگىرا تۇرۇپ تۇۋلاپ.) ئاۋاڭ، ئاخۇاڭ! قەيەرگە جابدۇدۇڭلا؟

ئاۋاڭ: ئەپۇ قىلىڭلا، بۇ يەردە بىز ئەمدى تۇرالمايمىز.

ئاخۇاڭ: مەنمۇ قورقىمەن، قىزىم شەنجۇەن.

شەنجۇەن: قەيەرگە بارىسىلە؟

ئاخۇاڭ: شاھزادە زىلەن بىزگە رەھمى - شەپقەت قىلدى.

ئاۋاڭ: بىزنى ئوردىغا قوبۇل قىلدىغان بولدى.

سۇڭيۈي: (زىلەن قېشىغا كېلىدۇ) شاھزادە، مېنىمۇ ئوردىغا قوبۇل قىلىسىڭىز.

زىلەن: ھو، مەرھەمەت. سەن مېنىڭ ئانامغا ياقىسەن. مەن ئىشىنىمەنكى، ئانام خوشال بولىدۇ.

سۇڭيۈي: مەن ئۇستازنىڭ يېنىدىكى نەرسىلىرىمنىڭ ھېچبىرىنى ئالمايمەن.

زىلەن: ئەلۋەتتە، سەن ئۈچۈن ئوردىدا زورۇر بولغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. مانا بۇ (ئۆزىنىڭ قولىدىكى نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ)، سەن بىلىسەن، ئوردىدىن ئېلىنغان چۇ پادىشالىقىنىڭ ژىلنامىسى، شۇڭا، بۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتمەيدىغان بولسام، بۇ جىددىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئاۋاڭ بىلەن ئاخۇاڭمۇ نەرسە كېرەكلىرىنى ئالمىسىمۇ بولاتتى، ئۇنىماي تۇرىۋالدى، شۇڭا بۇلارغىمۇ مەيلى دېدىم.

سۇڭيۇي: ئەكەل، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مەن كۆتۈرۈۋالاي.

زى لەن: مەرھەمەت. (قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر بولىكىنى بېرىدۇ.)

شەنجۇەن شىپاگىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا چىشىنى غۇچۇرلۇتۇپ، چەكسىز نەپرەت، غەزەپ ۋە قايغۇغا تولغان ھالدا يالغۇز تۇرۇپ قالىدۇ، بۇ تۇيغۇلار ئۇنىڭ چرايىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

زى لەن: (شىپاگىنىڭ قېشىغا كېلىپ، شەنجۇەنگە ئالايتەن جىددىيلىك بىلەن.) شەنجۇەن قىز، مەنمۇ سەن بىلەن خوشلاشماقچىمەن. ئەمما خوشلۇشۇشتىن ئىلگىرى ساڭا بىر نەچچە ئېغىز سوز قىلماقچىمەن، بۇنىڭغا ياق دېمەمسەن؟

شەنجۇەن جىم ـ جىت تۇرۇۋېرىدۇ.

زى لەن: بۇگۈن ئەتىگەن مۇشۇ شىپاگىدا، سەن كىمنى ياقتۇرۇسەن، دەپ سورىغان ئىدىم. سەن: «كىم يارىسا، شۇنى ياقتۇرۇمەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىڭ. ئەمدى تولۇق چۇشەندىم. ساڭا توكۇر شاھزادە (ئوزىنى كورسۇتۇدۇ) ئەمەس، ئەشۇ ئەقلىنى يوقاتقان ساراڭ يارايدىكەن!

شەنجۇەن: (غەزەپ بىلەن، ژىغلىغۇسى كېلىپ) رەھمىسىز رەزىل ئادەملەر ئىكەنسىلەر.

زى لەن: سېنىڭ بۇنداق ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن. مەن ساڭا يەنە بىر يېڭى نەرسە ئېيتماقچىمەن، سەنمۇ ساراڭ بولۇپ

قالسەن، ئۇستاز ئىزسىز يوقۇلۇپ كەتتى!!!

شەنجۇەن: (ناھايىتى قورققان ھالدا.) نىمە؟

ئاۋاڭ: شۇنداق، مىرزا ھازىرلا ئالدى دەرۋازىدىن ژۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئاخۇاڭ: ئۇ باغدىن قايتىپ كېلىپ، بېشىغا كۈلاكەيدىدە، ئۇزۇن قىلىچىنى ئېسىپ، ژۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى!

شەنجۇەن: ئۇستاز بىر يەرگە باردىغانلىقىنى سىلەرگە ئېيتمىدىمۇ؟

ئاخۇاڭ: ئۇ ناھايىتى پىرىشان؛ ھېچنىمە دېمىدى.

ئاۋاڭ: شۇنداق، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا پېتىنالمىدۇق.

سۇڭيۇي: (چۇي يۈەن يوقۇلۇپ كەتتى دېگەننى ئاڭلاپ، ناھايىتى چوچۇيدۇ. ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇپ ئالىدۇ.) مېنىڭچە، ئۇستازئەمدى يەبىراۋنى ئۆلتۈرىدۇ، يەئۆزىنى-ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ!

شەنجۇەن: سۇڭيۇي، ئوتۇنۇپ سوراي، ئىلدام بېرىپ، ئۇستازنى تاپقىن!

سۇڭيۇي: (ئىككى خىيال بولۇپ) مېنىڭ بارغىنىمنىڭ نىمە پايدىسى بولار؟ ئۇستاز ساراڭ بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلگىنى ئۆلمىگىنىدىن ياخشىراق. ئۇنىڭ ھايات تۇرۇشىدىن نىمە پايدا؟ مەن شاھزادە زى لەن بىلەن ئوردىغا كەتمەكچى

بولدۇم. ئەپۇ قىل.

شەنجۈەن: سۇڭيۈي! سىلە ئۇستازنى شۇ قەدەر پەس كۆرۈۋاتىسىلە! ئۇستازنىڭ ساراڭ بولغىنى يوق. چۇپادىشالىقى ئۇستازدىن ئايرىلىپ قالسا، بۇ نىمە دېگەن چوڭ زىيان؟ ئۇستاز بولسا چۇپادىشالىقىنىڭ تىرىكلىگى، مۇكەممەل تۈۋرىكى، بۇنى بىلەمسەنمۇ؟ مەنمۇ ئاددىي بىر ئادەمنىڭ قىزى، ئۇستازنىڭ خىزمەتكىرى؛ مېنىڭ ۋەزىپەم ئۇستازنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ھويلا-ئارامغا سۇ سېپىش، نەرسە-كېرەكلەرنى سەرەمجان تۇتۇش. مەن سىلەگە ئوخشاش شائىرلىقنى بىلمەيمەن، پادىشالىقنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇستازنىڭ بارلىقى چۇ پادىشالىقىنىڭ ئامانلىقى ۋە خەۋپ-خەتىرى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىگىنى بىلىمەن. ئۇستاز بولسا بىزنىڭ چۇ پادىشالىقىنىڭ جېنى؛ ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىكەن، چۇ پادىشالىقىنىڭمۇ ئىشى تۈگەيدۇ. (سۇڭيۈينىڭ ئۇنۇمسىزلىغىنى كۆرۈپ، باشقىلارغا قاراپ.) سىلەرنىڭ ھېچبىرسىڭلار ئۇستازنى تاپقىلى بارمامسىلە؟

باشقىلاردىن جاۋاپ چىقمايدۇ.

شەنجۈەن: ژۇرۇگوڭلا شۇنداق قاتتىقمۇ؟

باشقىلاردىن جاۋاپ چىقمايدۇ.

شەنجۈەن: ئاھ! ئۇستاز، سىلىنىڭ شەنجۈەنلىرى سىلىنى تاشلىمايدۇ؛ سىلە ئۆلسىلە، شەنجۈەنلەرمۇ بىللە ئۆلىدۇ! (شىپاگ-

دىن ژۇگۇرۇپ چۇشۇپ، ئىچكىركى ئىشىككە قاراپ ژۇگۇرۇپ كېتىدۇ.)

زى لەن: ئىلدام مېڭىڭلا، بولۇڭلا، چاپسان كېتىۋالايلى! يەنە بىر ساراڭ چىقتى!

باشقىلار باغنىڭ كوچا ئىشىكىگە قاراپ ژۈگۈرۈشىدۇ.

— پەردە.

# تۆرتىنچى پەردە

چۈپادىشالىقى پايتەختىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ تېشى. ئوڭ تەرەپكە شەھەر سېپىلى جايلاشقان. سېپىلدا دەرۋازا، دەرۋازا ئۈستىگە: «ئەۋدەرھا دەرۋازىسى» دېگەن خەت يېزىلغان. سېپىل بويلاپ خەندەك رولىنى ئوينايدىغان بىر ئۆستەڭ سۇ ئاقىدۇ. خەندەكنىڭ قاشلىرىغا تېرەك تىكىلگەن. خەندەك سېپىل ئارقىلىق سول ياققا سوزۇلىدۇ. بۇ ياقتا، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان كۆۋرۈك بار. كۆۋرۈكنىڭ بىر بېشى سېپىلنىڭ ئارقا تەرىپىدە، كۆرۈنمەيدۇ.

ئوڭ تەرەپتە، شەھەر سېپىلىنىڭ ئالدىدىلا، ياش مەجنۇن تالنىڭ سايىسىدا دەرۋىشكە ئوخشاش ئوتتۇر ياشلىق بىر بېلىقچى تۇرىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئالدىدا تور بىلەن بېلىق تۇتىدىغان بېلىقچى بوۋاي تۇرىدۇ، ئۇ تورنى بىر سۇغا سېلىپ، بىر كۆتۈرۈپ ئالىدۇ.

بېلىقچى: (ئوقۇيدۇ)

دىخانلار ئېتىزغا مەڭگۈ باغلىنار،
پۇتلىرى پاتقاقتا تامام مىلانغان.
قان- تەر بىلەن ئالغان بارلىق ھوسۇلى،
خوجايىنغا يەم بولار.

شاھۇ-بەگلەر ئوردىدا ياتار،
ھۆر-پەرىلەر يان-يېنىدا تۇرۇدۇ قاتار؛
پاشا-بۆرگە-چاقچاقلار
يېقىن بارالماي ئۇلارغا يىراق قاچار.

ئالەمنىڭ رەببى ھاۋانىڭ قەھرىدە تۇرار،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەستلەرتىك تۇرار،
جاھاندا بولۇۋاتسا سانسىز بالايى-ئاپەت،
ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىپەرۋا تۇرار.

كۆن غەرپكە قايرىلغاندا؛ ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ رەڭگى دەرھال ئۆزگىرىدۇ.

شەھەر دەرۋازىسىدىن شەنجۈەن يۈگۈرۈپ چىقىپ، قورققان ھالدا ئەتراپقا قارايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر موماي ئۇچرايدۇ، بۇ موماي كوۋرۈكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقان بولىدۇ.

شەنجۈەن: ماڭا قارىسىلا، ئانىكا، سىلىگە كوۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزنىڭ ئۇستاز ئۇچرىدىمۇ؟

موماي: كىم ئۇ، سىزنىڭ ئۇستازىڭىز؟

شەنجۈەن: مىرزا چۈيۈەن.

موماي: ھە، ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ، دەپ ژۇرۇدۇ. مەن ئۇنى كۆرمىدۇم. (دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىدۇ.)

شەنجۈەن توختايدۇ، بىردەم ئورنىدا ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن،

بىلىقچى بوۋاينىڭ يېنىغا ﯕۈگۈرۈپ بارىدۇ.

شەنجۇەن: هوي، دادىكا، بۇ يەردە مىرزا چۇيىيۇەننى كورمىدىڭلىمۇ؟

بىلىقچى بوۋاي: ياق، كورمۇدۇم. مەن ئۇنى ئىلىشىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىغانتىم، نىمە گەپكىن، تاڭ، بىلمەيمەن.

بىلىقچى: (بىلىقچى بوۋايغا.) سىلە هەممەڭلا چۇيىيۇەن ئىلىشىپ قاپتۇ دەۋاتىسىلە. بۇلارنىڭ هەممىسى توهمەت.

بىلىقچى بوۋاي: مەن يولاۇچىلارنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىدىم، ئەمما ئېنىغىنى بىلمەيمەن.

بىلىقچى: هەممە: مىرزا چۇيىيۇەن ئىلىشىپ قاپتۇ، ئور- دىنى بۇلغاپتۇ، دېيىشىدۇ. هېچنەرسىنى بىلمەي ۋالاخشىيدۇ!

شەنجۇەن: (بىلىقچىنىڭ قېشىغا كېلىپ.) سىلى بىلەملا، هەقىقىي ئەهۋال زادى قانداق؟

بىلىقچى: مەن هەممىنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم، قىزىم.

شەنجۇەن: مەن سىلىدىن ئوتۇنۇپ سورايمەن، ماڭا ئېيتىپ بەرسىلىچۇ؟

بىلىقچى: (قىزغا باشتىن-ئايىغىغا سەپ سېلىپ قارايدۇ.) قىزىم، سەن مىرزىنىڭ نىمىسى بولۇسەن؟

شەنجۇەن: مەن ئۇنىڭ خىزمەتكىرى، شەنجۇەن بولۇ- لۇمەن.

بىلىقچى: شۇنداقمۇ! سىنىڭ ئېتىڭ «توققۇز مۇقام»نىڭ

ئىچىدىمۇ بار. يادىمدا بار. «شياگجۇن» دېگەن غەزەلدە: «شەنجۇەن دېگەن قىز مەن ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇدۇ» دېگەن يېرى بار.

بىلمەقچى بوۋاي: (سوز ئارىلاپ.) شەنجۇەن قىزسەنمۇ؟ سەن ئۇستازىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇدىكەنسەن؛ ئۇستازىڭ بولسا بىز يۇخرالار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇدۇ. ئۇنىڭ «ئاھ ئۇرار مەن تۆكۈپ كوز يېشىمنى، ھەسرەت قىلارمەن كورۇپ خەلق زارىنى» دېگەن شېرى ئەجەپ ياخشى. يۇخرانىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى كورۇپ كوز يېشى بىلەن ئاھ ئۇرۇدىغان ئادەم قېدىمقى زاماندىمۇ بولمىغان، ھازىرمۇ كام تېپىلىدۇ!

بىلمەقچى: شۇنداق، شۇنداق. ئوتكەن شائىرلار پەقەت ئوردىلارنىلا مەدھىلەيتتى. مىرزا چۇيۈەن بولسا ئوز شېرلىرى بىلەن خەلقنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى كۈيلەيدۇ. ئېيتماقچى، شەنجۇەن قىز، مىرزا چۇيۈەن ئوردىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن قانداق بولدى؟

شەنجۇەن: ئۇستاز ئويگە ناھايىتى قاتتىق غەزەپ بىلەن قايتىپ كەلدى. نىمە بولدىكىن، ئۇنىڭ قالپىقىمۇ، چاپانلىرىمۇ يوق؛ ئۇ ھېچكىمنى كورۇشنى خالىمىدى. كېيىن باغدا خوشنىلار توپلۇنۇپ، ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەن روھىنى چاقىرىشماقچى بولۇشتى. ھەممە، ئۇ ئېلىشىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ روھىنى چاقىرىش كېرەك دېيىشتى. ئاگلىشىمچە، باققا ۋەزىر زىجۇ بىلەن مەھـ

رەمبەگ جىن‌شياگمۇ كەپتۇ، ئۇلارمۇ ئۇستازنى ئىلىشىپ قالدى، دەپتۇ. ئۇستاز خەلقىنىڭ ۋاڭ ـ چۇرۇگىنى ئاگلاپ باقما چىقىپ تېخىمۇ ئاچچىغى كېلىپ كەتتى...ئاندىن كېيىن كوچىغا ژۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يوقۇلۇپ كەتتى، قەيەرگە كەتكەنلىگىنى بىلمەيمەن.

بىلىقچى: بۇ نىمە دېگەن نادان ئادەملەر، ئۇلار مۇنداق قىلىدىغان بولسا، ھەقىقەتەن ساق ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىشى مۇمكىن. بۇگۇنكى ۋەقە چوڭ يەنىگە تولىمۇ ئېغىر كېلىدىغانلىغىنى، مەنمۇ چۈشۈنەتتىم.

شەن‌جۇەن: ئاغا، ماگا ئېيتىپ بەرسىلە. تەپسىلىي ئەھۋالنى زادىلا بىلەلمىدىم.

بىلىقچى: ماقۇل، شەن‌جۇەن، مەن ساگا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي. سەن، بەلكىم، بىلىدىغانسەن، بىزگە چىن پادىشالىغىنىڭ ۋەزىرى جاڭيى كەلگەنلىگىنى؟

شەن‌جۇەن: مەن ئاگلىغانتىم. ئۇستاز بۇنى دېگەن ئىدى. ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، جاڭيى بىزنى چى پادىشالىغى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، چىن پادىشالىغى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا دالالەت قىلىپ كەلگەنمىش.

بىلىقچى: پۈتۈنلەي توغرى. جاڭيى ئەنە شۇنداق سىياسەتنىڭ تەرەپتارى. ئۇ بىزنىڭ شەرق پادىشالىرىمىزنى بىر-بىرىگە قەستەن ئۇچەكەشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى چىن پادى-

شالىغىغا بىر - بىرلەپ بويۇن سۇنۇشقا مەجبۇر قىلماقچى ۋە شەرق-تىكى 6 پادىشالىقنى چىن پادىشالىغىغا بىقىندۇرۇپ بەرمەكچى. ئەمما، سەن بىلسەڭ، چۇي يۇەن نەق بۇنىڭ تەتۈرىسىنى ياقلايدۇ.

شەن جۇەن: ھەئە، مەن بۇنى ئاللىقاچان بىلگەن ئىدىم. ئۇستاز بىزنىڭ پادىشالىغىمىزنىڭ چى پادىشالىغى بىلەن بىر-لىشىشىنى بارلىق كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلغان.

بىلىقچى: ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا! بىزنىڭ پادىشالىغى-مىزنىڭ بەختىگە، بىزدە چۇي يۇەنگە ئوخشاش بىر ئادىمىمىز بار ئىدى. بىزنىڭ پادىشاھىمىز ھەمىشەم چۇي يۇەننىڭ سۆز-لىرىگە كىرەتتى. بۇ قېتىممۇ جاڭيى ئۆز مەخسىدىگە يېتەلمىگەن ئىدى. پادىشاھىمىز چۇي يۇەننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى، چى پادىشالىغى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قوشۇلمىدى ۋە چىن پادىشالىغى بىلەن دوستلۇق ئورنۇتۇشنىمۇ خالىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭيى ئۆز ژۇرتىغا، ۋېي پادىشالىغىغا كەتمەكچى بولدى.

بىلىقچى بوۋاي: جاڭيى ۋېي پادىشالىغىدىنمۇ؟

بىلىقچى: شۇنداق بولمىغاندا! ئۇ شۇيەردىكى مەشھۇر بەگلەر ئەۋلادى. ئۇنىڭ ۋېي پادىشالىغىغا قايتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن پادىشا بۈگۈن ئۇزۇتۇش زىياپىتى ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئىدى.

شەن جۇەن: مەنمۇ شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانتىم، ئەمما تو-

لۇق بىلمەيمەن.

بىلىقچى: مانا بۈگۈن چۈشتە پادىشا جالڭىينى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن زىياپەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. مەلىكە بىزنى ئوردىدا چوڭ يۈەننىڭ «توققۇز مۇقام» ئويۇننى ئويناشقا بۇيرۇدى. مەن سېرىق دەريا مۇئەككىلىنىڭ رولىنى ئوينىماقچى بولدۇم. ماڭا قارا، شەن جۈەن، مەن ئەشۇ ئويۇننىڭ ئۇستىسى، مەن چوڭ يۈەننىڭ غەزەللىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.

شەن جۈەن: خوش، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى؟

بىلىقچى: چۈشكە يېقىن شاھزادە زىلەن مەلىكە بىلەن چوڭ يۈەننىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىزنى سارايغا چاقىردى. بىز سارايغا كىردۇق. قېرىساق مەلىكە بىلەن چوڭ يۈەن شۇيەردە ئىكەن. مەلىكە دەرھال غەزەلچىلەر بىلەن سازچىلارغا جاي-جايىغا ئۆتۈپ «لىسخۇڭ» ئويۇننى باشلىغىلار دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ئۆزى چوڭ يۈەن بىلەن پەلەمپەي ئۈستىدە تۇرۇپ ئويۇننى كۆزەتتى. قانچە ئايلانغانلىقىم ئېسىمدە يوق، بىردىنلا شەرق تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، زالغا ئىككى ئايال خىزمەتچى كىرىپ، پەردىلەرنى ئېچىپ، غايىپ بولۇشتى. مەلىكە بىزگە ئويۇننى توختۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. مەن شۇچاغدا پەلەمپەينىڭ ئالدىدىلا ئىدىم، شۇڭا ھەممىنى ئوچۇق ئاڭلىدىم. مەن مەلىكىنىڭ: «ئاھ، ئەھۋالىم يامان، ژىقىلىپ چۈشۈمەن، تېز بولساڭلا، چوڭ يۈەن، تېزرەك ماڭا يار-

دەم قىلسىلا!» دەپ سوزلىگىنىنى ئاڭلىدىم، ھەم شۇزامانىلا مەلىكە چوۋي يوەننىڭ قۇچۇغىغا ژىقىلدى.

شەن جوەن: نىمە، مەلىكە ئاغرىپ قاپتىمۇ؟

بىلىقچى: توختا، سوزۇمگە قۇلاق سال. شۇمىنوتىنىڭ ئوزىدە پادىشا، جاڭيى، زىجۇ ۋە جىن شىياڭلار پەيدا بولدى، قانداق ھىلىگەرلىك بۇ، قانداق ئوكتەملىك بۇھە! مەلىكە دەرھال يۇز ئورۇپلا: «چوۋي يوەن، قولۇگىنى تارت!. مەن سەندىن بۇنى كۇتكەنمىدىم... سەن قانداق پىتىنالىدىڭ! بۇ يەردە، سارايدا ھەممىنىڭ كوز ئالدىدا بۇنداق ھاقارەتنى قىلىشقا قانداق پىتىنالىدىڭ! سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭ!» دەپ ۋاقىرىدى.

شەن جوەن: (چىشلىرىنى غۇچۇلدۇتۇپ، تىپىرلاپ كېتىدۇ). ۋاي، ئۇ، مەلىكە قانداق نەرسە، ئۇستازغا شۇنداقمۇ قەست قىلغان بارمۇ!

بىلىقچى: ئاندىن كېيىن ئۇ پادىشانىڭ ئالدىغا ژۇگۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئوزىنى تاشلىدى. پادىشامۇ قەھرى-غەزەپكە كېلىپ چوۋي يوەننى سازاڭ دەپ تىللاشقا باشلىدى ۋە شۇزامانلا چوۋي يوەننى مەنسۇۋىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە زىجۇ بىلەن جىن شىياڭغا ئۇنى ھايداپ چىقىرىشنى بۇيرۇدى. كېيىن ئاڭلىشىمچە، چوۋي يوەن دەرتكە چىدىماي، ئۇستى-باشلىرىنى ھەممىنىڭ كوز ئالدىدا ژىرتىپ پارچە-پارچە قىلى-

ۋېتىپتۇ.

شەن جۈەن: (چىشىنى تېخىمۇ غۇچۇلدۇتۇپ، ژىغلاش-تىن ئۆزىنى ئاران ساقلاپ) بىچارە ئۇستاز! ئۇنىڭغا ناھايىتى خەۋپلىك بوپتۇ!

بېلىقچى: ھەتتا بىز، قاراپ تۇرغانلارمۇ مەلىكىنىڭ بۇ بىشەملىكىگە قاتتىق غەزەپلەندۇق.

شەن جۈەن: بۇ، بۇ... بۇنىمە دېگەن دەھشەتلىك ئىش، ئۇستازىم ھەقىقەتەن خەۋپ ئاستىدىكەن! (سىپىلنى بويلاپ ئۇچ-قاندەك ژۈگۈرۈپ كېتىدۇ.)

بېلىقچى بوۋاي: يائاللا! شۇنداقمۇ ناھەقچىلىك بولۇ-دىكەن ھە!

بېلىقچى: بۇئىش ئانچە مۇرەككەپ ئىش ئەمەس. شۇيەردە ھازىر بولغانلاردىن سورالسىلا مەلۇم بولاتتى. بىز ئۇيەردە ئاز ئەمەستۇق — ئۇسۇلچىلارنىڭ ئۆزى ئون كىشى ئىدى، تېخى سازچىلار ھەم غەزەلچىلەرمۇ بار. ئەمما پادىشا شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى، بىزدىن سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى چۈي يۈەنىنىڭ بىر ئېغىز سۆز قىلىشىغىمۇ يول قويمىدى. پادىشا چۈي يۈەنگە ئۆپۇل-توپۇللا ئوردىنى بۇلغۇغان ساراڭ دېگەن بەتنامىنى چاپلىدى.

بېلىقچى بوۋاي: بۇنىڭغا ئادەم قانداق تاقەت قىلالىسۇن؟ بۇنداق بولسا، ساق ئادەممۇ ساراڭ بولۇپ قالىدۇ.

بىلىقچى: جۇي يۈەننى ئېلىپ ماڭغان چاغدا ئۇنىڭ زەردە بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىساڭ، ئۇھۇ!

بىلىقچى بوۋاي: ئۇ نىمە دېدى؟

بىلىقچى: ئۇ: «مەلىكە، سىزنىڭ مېنى بۇنداق هالاك قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى مەن ئويلىمىغان ئىدىم، مېنىڭ ۋىجدانىم تازا، مەن ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن. مېنىڭ ئاق ياكى ئېيپدارلىقىمنى — ئەۋلاتلار ئۆزى هۆكۈم قىلسۇن! سىز مېنى ئەمەس، ئۆزىڭىزنى، چۇ پادىشالىقىنى، پۈتۈن مەملىكىتىڭىزنى هالاك قىلدىڭىز!» دېدى. بۇ سۆزلەر بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

بىلىقچى بوۋاي: هازىر بۇ سۆزلەرنى سەندىن ئاڭلاپ هەتتا مېنىمۇ تىترەك باستى.

بىلىقچى: كېيىن سۆزلەيلى، بىركىم كېلىۋاتىدۇ.

بۇلارنىڭ سۆزى بېسىقىدۇ.

جۇي يۈەن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە قارا چاپان، بېشىدا كۆلا. ئۇ ئۇزۇن قىلىچ ئاسقان. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، بويىنىغا هەرخىل گۈللەردىن ئورۇلگەن گۈل چەمبىرەك ئاسقان. يۈزىدە شۇنچىلىك هارغىنلىق باركى، ئېچى ئەتىگەنلا جۇيزەبىغىدا تاماشا قىلغان جۇي يۈەننىڭ يۈزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۇ كوۋرۇكنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن، قانداقتۇ بىر ئوي بىلەن قەدىمىنى ئاستىلىتىدۇ، ئاۋال كوۋرۇكتىن ئۆتمەكچى بولىدۇ، كېيىن يەنە قىرغاق بويلاپ ماڭىدۇ.

ناگان ـ ناگاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈك ـ ئۈزۈك جۈملە سۆزلەر چىقىدۇ.
چۇي يۈەن ئۆزىنىڭ «غەملىك قۇرلار» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇيدۇ. ئوقۇغان شېئىرلىرى بىر ـ بىرىگە باغلاشمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ شېئىرى ھازىر تېخى تاكاممۇللاشمىغان.

چۇي يۈەن: (ئوقۇيدۇ.)

سۆزۈمگە ماس ئىدى قىلغان ئەمەلىم،
ئەزەلدىن تىلىمغا دىلىم، مۇۋاپىق
كۆڭۈلدە ئوي ـ پىكرىم تۇيغۇ ھېسلىرىم
خەلقىمگە ھەر قاچان بولغانتى سادىق.

ئۆزى كۆپ كىشىلەرنىڭ دەردىنى تارتقان
تېۋىپلا يېتەلەيدۇ كامالىتىگە،
بۈگۈنلا يەتتىم مەن بىرىنچى قېتىم،
بۇ سۆزنىڭ چىندىنمۇ ھەقىقىتىگە.

جىڭ دۆلىتىدە شىن شېڭ ئىسىملىك ـ
بىر يىگىت بار ئىدى جەسۇر، ۋاپادار.
ئاتىسى ئىشىنىپ يالغان تۆھمەتكە،
ئوغلىدىن بىر يولى بولغانتى بىزار.

تاشقىن سۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ـ
ئۆتمۈشتە قىلغانتى بۈيۈك كۆپ ھەركەت.
ۋەلېكىن بۇ يولدا راستچىل بۈيۈكمۇ،
مەقسەتكە يېتەلمەي چەكتى كۆپ زەخمەت.

هەر بىر ۋىقىلىشتىن ساۋاقلار ئېلىش،
ئۇندىغۇ كىشىدە تەبىئىي ھالەت؛
ئۇز پىكرىمنى ياقلاپ تەرسالىق قىلىش
ئېبىتايچۇ، زادىلا نىمىگە ھاجەت؟

شۇڭنى تاشلىۋېتىپ ئۇزەمچە گويا،
ئاسمان ـ پەلەككە چىقماقچى بولدۇم.
خۇددى چۇش كورگەندەك ئەس ۋەھوشۇمنى،
بىردىنلا يوتۇنلەي يوقۇتۇپ قويدۇم.

ساداقەت كورسۇتۇپ قالدىم بالاغا،
بولى مەن ھېچقاچان كۇتمىگەن ئىدىم؛
ئاشاقچى بولۇپ مەن ئاددىي ئىېقىمدىن،
ۋىقىلىپ، كىشىلەردىن ئاھانەت يېدىم،

(شېىر ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرغان ھالدا، بېشىنى توۋەن سېلىپ بېلىقـ
چىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ.)

بېلىقچى: (ئورنىدىن تۇرۇپ.) مىرزا ھەزرەتلىرى، سىلە مىرزا ھەزرەتلىرىمۇ؟

چوي يۈەن: (بىردىنلا جاۋاپ قىلمايدۇ. كېيىن ناھايىتى ئېچىنىش بىلەن سوزلەيدۇ.) ياق، مەن مىرزا ئەمەس، مەن ھازىر مىرزا ئەمەس!

بېلىقچى: شۇنداق، مەنمۇ بىلىمەن، مېنى كوچۇرسىلە، چوي يۈەن جاناپلىرى. شەن جۇەن دېگەن قىز ھازىرلا مەشەدە

ئىدى. ئۇ سىلىنى ئىزلەپ كەپتىكەن.

چۇي يۈەن: سەن كىم بولىسەن؟

بېلىقچى: مەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مۇئەككىلى.

چۇي يۈەن: (ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ) سەن ھۇۋ... نائەھلى!

بېلىقچى: ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، ئەتىسىگەن «توققۇز مۇقام» دىكى خۇاڭخې دەرياسى مۇئەككىلىنىڭ رولىنى ئىجرا قىلغان مەن بولىمەن.

چۇي يۈەن: دېمەك، سەنمۇ ئۇيەردە بار ئىكەنسەندە...

بېلىقچى: شۇنداق. مەن باشقا ئادەم ئەمەس، مەن سىلىگە قانداق ناھەقچىلىق قىلغانلىقلىرىنى چۈشۈنىمەن.

چۇي يۈەن: ساڭا رەخمەت. (تازىم قىلىدۇ.) بۇ سۆز مەن بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان ھەقىقىي تەسەللى سۆز بولدى.

بېلىقچى: مەن پەلەمپەينىڭ ئالدىدا خۇاڭخې مۇئەككىلىنىڭ رولىنى ئورۇنداۋېتىپ مەلىكىنىڭ ھەر بىر ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

چۇي يۈەن: بىلمەيمەن، نېمىشقا ئۇ مېنى ھالاك قىلماقچىكىن!

بېلىقچى: بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مەن ياخشى بىلىمەن، چۇي يۈەن جانابلىرى.

چۇي يۈەن: بىلەمسەن؟ سەن ئۇنى قانداقسىگە بىلىسەن؟

بىلىمچى: سىلىنى ئېلىپ مېڭىشقاندىن كېيىن، پادىشا، مەلىكە ۋە جاڭيى ئۇزۇن سوھبەت قىلىشتى.

چۇي يۈەن: ئۇلار نېمە دېيىشتى؟

بىلىمچى: ھە ي... بۇ جاڭيى دېگەن ھەقىقەتەن رەزىل ئادەم ئىكەن! ئۇ ئىلگىرى بىر چاغلاردا بىزنىڭ پادىشالىقىمىزدا تۇرغاندا، بىر يانچۇقچى ئوغرى ئىدى. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ۋېزىرنىڭ قاش تېشىنى شۇ ئوغرىلىغان ئىكەن. بۇ بىر پەس ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ھېلىگەر ئادەم.

چۇي يۈەن: ئۇ زادى نېمە دېدى؟

بىلىمچى: جاڭيى پادىشانىڭ ئالدىدا مەلىكىنى ماختاشقا باشلىدى. ئۇ، مەلىكىنى تىلسىم تاغنىڭ گۈزەل پەرىسى، يەر يۈزىدە بىرىنچى ئايال، پۈتۈن ئالەمدە تەڭدىشى يوق گۈزەل دەپ ئاتىدى. قىسقىسى، ئۇ مەلىكىنى ماختاپ كوككە كوتۈرۈۋەتتى، پادىشانىمۇ ئەرشكە چىقىرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن سىلىنىمۇ ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى.

چۇي يۈەن: ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى مۇقەررەر. مەن گويا ئۇنىڭ كوزىگە قادالغان شوخا. ئۇ مېنى نېمە دەپ ھاقارەتلىدى؟

بىلىمچى: ئۇ: چۇي يۈەن مەلىكىنىڭ جامالىنى كورۈش بىلەن ئەقلىدىن ئازغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم دەيدۇ.

چۇي يۈەن: ئىپلاس! بۇ گەپكە قارىغاندا، جاڭيى ئۇز-

نىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىنى مەلىكە بىلەن بىللە ئويۇشتۇرغان ئوخشايدۇ.

بىلمەقچى: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. مېنىڭ تولۇق ئىسپاتىم بار. جاڭيى پادىشانى شۇنچىلىك ئوزىگە قارىتىپ ئاپتىكى، ئۇ ماختاش بىلەن پادىشا خوشال بولۇپ، كوزىگە ھېچنەمە كورۇنمەي كەتتى. پادىشا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «مەن جاناپلىرىغا قول قويدۇم. مۇندىن كېيىن چوۋي يۈەن ساراڭنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمەيمەن. مەن چى پادىشالىغى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۇزۇپ، چىن پادىشالىغى بىلەن دوستلۇق ئالاقە باغلاشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئالتى يۇزلىي يەرنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشنى قارار قىلدىم...».

چوۋي يۈەن: (خىيالا تېچلىنىدۇ.) دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭ يىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئىكەن ـ دە.

بىلمەقچى: شۇنداق. بۇ ئەشۇنىڭ قىلغان ئىشى. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. پادىشانىڭ سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ماقۇل كورۇپ، چى پادىشالىغى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۇزۇشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، جاڭيى پادىشانى گوزەل خوتۇنلار ئارقىلىق يومشاتماقچى بولغان؛ ئۇ پادىشانىڭ سىلىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقۇتۇش ئۇچۇن، مەلىكىنى كوندۇرگەن. ئۇ پەقەت سىلىنىڭ ئىناۋەتلىرىنى يوقاتقاندىلا، ئوز مەخسىدىگە يېتىشنى ئويلىغان.

**چوي يۇەن:** پۈتۈنلەي توغرى. بۇ مۇتتەھەم ئوغرى بىزنىڭ چوڭ پادىشالىقىمىزنى ئوغۇرلاپ كەتتى! (توۋلاپ ئېيتىدۇ.) ھەي مەلىكە، ھەي پادىشا، سىلەر نېمىشكە ئۇنداق ئېقىلسىز تەلۋە ئادەمسىلەر!

پادىشا، مەلىكە، جاڭيى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە يەنە سەككىز مۇھاپىزەتچى پەيدا بولىدۇ.

**پادىشا:** (مۇلازىملىرى بىلەن كوۋرۇكنىڭ قېشىغا كېلىپ، چوي يۇەننى كورسۇتۇدۇ.) بۇ ساراڭ يەنە بىزنى تىللاپ ژۈرۈپتۇ!

**مەلىكە:** (خوشامەت بىلەن.) خاپا بولمىسىلا، بىز ئۇنى قېشىمىزغا چاقىرىپ گەپكە سالايلى. ساراڭلار بەزىدە ناھايىتى قىزىق بولىدۇ.

**پادىشا:** بولىدۇ، ماقۇل؛ (مۇھاپىزەتچىلەرگە قاراپ.) قېنى، ئىككىڭلار بېرىپ مىرزا چوي يۇەننى بۇيەرگە چاقىرىڭلار.

**ئىككى مۇھاپىزەتچى:** (چوي يۇەننىڭ قېشىغا كېلىدۇ.) مىرزا جانابلىرى، ئۆزلىرىنى پادىشا چاقىرىدۇ.

**چوي يۇەن:** (يۈزىگە تەبەسسۇم ژۈگۈرۈدۇ.) ياخشى، ھازىر بارىمەن. (بېلىقچىغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ.) ساڭا رەخمەت.

**بېلىقچى:** خۇدايىمغا ئامانەت، ئۇستاز.

چوي يۇەن مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بىللە پادىشا ۋە مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ، جاڭيىغا ئىلتىپات قىلمايدۇ.

**مەلىكە:** (كۈلۈپ.) مىرزا، ئۆزلىرىگە بۇ گۈل چەمبىرەكنى

كىم تەقدىم قىلدى؟

چۇي يۇەن: ئۆزۈم ياسىدىم.

مەلىكە: بۇنى ماڭا تەقدىم قىلمامىلا؟

چۇي يۇەن: سىلىگە بۇ نەرسە يارىسا، مەن ئۇنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىشقا تەييار، مەلىكە. (گۈل چەمبىرەكنى ئېلىپ مەلىكىگە بېرىدۇ.)

مەلىكە: (گۈل-چەمبىرەكنى بويىنىغا ئېسىپ ئانچىكىم نازلىنىدۇ.) ئاھ بۇ نىمە دېگەن گۈزەل، ھەم خۇشبۇي! بۇ مەرۋايىت، ياقۇتتىنمۇ ئېسىل ئىكەن. مەن ئۆزۈمنى شياڭ خېنىمغا، تىلسىم تاغدىن چۈشكەن پەرىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. (ئۆزىنى بىردىنلا تەلۋىلەشكەن قىياپەتكە سېلىپ.) ھە، مەن تىلسىم تاغنىڭ پەرىسى. مىرزا جاناپلىرى، بابا ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانىدىلا، ئەمدى ماڭا گۈل-چەمبىرەك تەقدىم قىللا. مەن بىلەن قاچان توي قىلىدىلا؟

پادىشا بىلەن جاڭيى كۈلۈشىدۇ.

چۇي يۇەن: (ناھايىتى خىجىل بولۇپ.) مەلىكە، سىلى مېنى سارالڭ بولۇپ قالدى دەپ ئويلىمىسىلا، نائەھلىلەرنىڭ ھېلىسىگە پېرىلمىسىلە. مېنىڭ ساراڭ بولغىنىم يوق.

مەلىكە: ھە شۇنداق، سىلى ساراڭ ئەمەس. مەن بىلىمەن. سىلى مېنى ياخشى كۆرىدىلا، مەنمۇ سىلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۆزلىرىنىڭ تىلسىم تېغىنىڭ مۇئەككىلىگە ئاي-

لىنىشلىرىنى خۇدادىن سورايمەن. بىلىلى خۇشال بولامىلا؟ (قول قوشتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ.) ئى خۇدا، پاكا- پەرۋەردىگارا! تىلسىم تاغنىڭ پەرىسى ساڭا سىغىنىدۇ: بىزنىڭ پادىشالىقى- مىزدا ئۇلۇق بىر شائىر بار، ئۇنىڭ ئىسمى چۇي يۈەن، ئۇ ماڭا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالدى. ساڭا يالىنىمەن، شەپقەت قىل، ئۇنى تىلسىم تاغنىڭ ئۇزۇن ئىككى جوقىسىنىڭ مۇئەككىلى قىلـ غىل، بىز ئۇنىڭ بىلەن كېچە- كۈندۈز ئاجراشمايلىق.

پادىشا بىلەن جاڭيى قاقاخلاپ كۈلۈدۇ.

چۇي يۈەن: (تېخمۇ خىجىل بولۇپ،) مەلىكە، ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ئۆزلىرىنىڭ ژۇقۇرى مەرتىۋىلىرىنى ئۇنۇت- مىسىلا.

مەلىكە: شۇنداق، مېنىڭ مەرتىۋەم ئاھايىتى ژۇقۇرى- ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، مەن ئۇلۇق پادىشا شۇنىنىڭ مەلىكىسى. ئاھ ئۇلۇق شۇن، سەن ئۆز روھىڭنى ساقلىغۇدا قالـ دۇرغان ئىدىڭ، (چۇي يۈەنگە قاراپ.) ھازىر بويەردە قايمۇقۇپ ژۈرۈۋسەنغۇ؟...

پادىشا بىلەن جاڭيى قاتتىق كۈلۈشىدۇ.

چۇي يۈەن: (ئاخىرىدا غەزىپىگە چىدىيالماي، جاڭ يىغا قاراپ.) جاڭيى، سەن نېمىگە كۈلىسەن، قاش تېشى ئوغرىسى! ئۇھ ئۆزىنىڭ شەخسىي شۆھرىتى ئۈچۈن ۋەتىنىنى ساتقان مۇتىھەم! خۇشامەتچى ھىيلىگەر! نېمىگە كۈلىسەن! ئۇۋـ

غۇرلۇق قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ بەنزى يېگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بەدىنىڭدىكى تاياق ئىزلىرى ساقايدىمۇ؟ نېمەڭگە كۈلۈسەن!

پادىشا بىلەن مەلىكە ئۇزىنى توختىتىپ ئالالماي قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. جالىكى ھودۇقۇپ قالىدۇ.

چۈي يۈەن: سەن بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئوغۇرلۇق قىلىپ، بىزنىڭ ۋېزىرىمىزنىڭ قىممەت باھا قاش تېشىنى ئوغۇرلاپ، يۈزلەپ بەنزى يېگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

پادىشا بىلەن مەلىكە ئاۋالقىدەك كۈلىدۇ، جالىكى ئۇنچۇقمايدۇ.

چۈي يۈەن: سۈچىڭنىڭ ئالدىغا مەنسەپ تىلەپ بارغانلىقىڭ ئېسىڭدە بارمۇ؟ تولا دەشنەم يەپ، خوتۇنۇڭغا تىللىنىم جايىدا بارمىكەن، ئاغزىمغا قاراپ باققىنا دېگىنىڭ ئېسىڭدە باردۇ؟ سەن ۋېي پادىشالىقىدا تۇغۇلدۇڭ، سەن بەگلەر نەسلىگە مەنسۇپسەن. چىن پادىشالىقىغا بېرىپ، ئۇنى ۋېي پادىشالىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قۇتراتتىڭ. ئاندىن كېيىن ۋېي پادىشالىقىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنى چىن پادىشالىقىغا بوي سۇنۇشقا كوندۇرۇشقا باشلىدىڭ. ھۇ... شەرمەندە خائىن! سەندەك ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مەملىكىتىنى ساتقان يۈزسىز مۇناپىقتىن بىزنىڭ چۇ پادىشالىقىغا نېمە ۋاپا كەلسۇن! سېنىڭ چىن پادىشالىقىنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ! سەن بىزنىڭ چى پادىشالىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزدۈرۈپ، ئانـ

دىن كېيىن بىزنىڭ پادىشالىغىمىزنى بىر - بىرلەپ ۋەيران قىلماقچىسەن! سىنىڭ ئالتى يۈز لى يەر بېرىمىز دېگەن ۋەدىلىرىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟!

پادىشا بىلەن مەلىكە كۈلۈشتىن توختايدۇ ۋە جىددىي تۈس ئالىدۇ.

جاڭيى: (ئاچچىقى بىلەن.) چۈي يۈەن جاناپلىرى، ئەگەر سارىڭ بولۇپ قالمىغان بولسىلا، بىر ئاز ئەدەپ ساقلىسىلا.

چۈي يۈەن: سارىڭ؟ ھۇ... خۇشامەتكوي رەزگى! پادىشا بىلەن مەلىكىگە نىمە دېگەنلىكىڭنى مېنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ سەن بىزنىڭ پادىشاھىمىزنى كىم چاغلاۋاتىسەن؟ مەلىكىنى كىم چاغلاۋاتىسەن؟ مېنى كىم چاغلاۋاتىسەن؟

جاڭيى: (چۈي يۈەننىڭ سۆزىنى بۇلۇپ.) مەن سىلنى كېسەل ئادەم دەپ ھېساپلايمەن...

چۈي يۈەن: (ئۇنىڭ سۆزىنى بۇلۇپ.) سەن پادىشاھىمىزغا گۈزەللەر تېپىشقا بارىمەن، دەپسەن؛ مەلىكىنى يەريۈزىگە چۈشكەن ئۈشەن پەرىسىگە ئوخشايدىكەن دەپسەن؛ سىنىڭ سۆزۈڭچە مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، مەجنۇن بولۇپ قاپتىمىشمەن... ھۇ... ئاتەش زۇۋان پىتنىخور! سىنىڭ ئادەم مەن دەپ ژۇرگۈنۈڭگە لەنەت! (بىر ئاز دېمىنى ئالىدۇ.)

پادىشا بىلەن مەلىكە ئۈنچىقالماي تۇرىدۇ. پادىشا چىچىلغۇسى كېلىپ مەلىكىگە قارايدۇ. ئەمما مەلىكىنىڭ بولارغا ئارىلاشماي ۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ئۈنچىقماي تۇرىۋېرىدۇ.

جاڭيى: (ئېغىر بېسىق كىشىدەك كۆرۈنۈپ.) دەيدىغان-
لىرىنى دەپ بولغانغىلا! مەن پادىشا بىلەن مەلىكە تۇرغان يەردە
سىلىدەك كېسەل ئادەم بىلەن گەپ قالىشىپ ئولتۇرمايمەن.
لېكىن بارغانسىرى ئەزۋەلەپ كەتتىلە!

چۇي يۈەن: ئەزۋەلەپ؟ سەن ئادەم ئەمەسسەن! سەن
نىقاپ بىلەن ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ ژۈرۈۋاتىسەن! سەن مېنى
بىلمەيدۇ دەۋاتامسەن؟ ئۆزپايداڭنى، شان-شەۋكىتىڭنى ساقلاپ
قېلىش، چىن پادىشالىغىنى غالىپ قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا
جۇڭگو خەلقلىرىنى هالاك قىلماقچى بولۇۋاتىسەن! بىزنىڭ چى
پادىشالىغى بىلەن بولغان ئىتتىپاقىمىزنى بۇزۇشقا، بىزنى چىن
پادىشالىغىغا قۇل قىلىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇۋاتىسەن! سەن مېنى
ئۇخمايدۇ دەۋاتامسەن!...

جاڭيى: هىم! ئەلۋەتتە، سىلىدە چى پادىشالىغىنى ماخ-
تاشقا ئاساس بار. مېنىڭ بىلىشىمچە، سىلىنىڭ ئولگەن خوتۇن-
لىرى ئەشۇ يەرلىك، ئۇ، سىلىگە بىر قىزىنىمۇ كېنىزەك قىلىپ
قالدۇرغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى يېقىندا چى
پادىشالىغىدىن بىر مۇنچە پارىمۇ ئالدىلا.

چۇي يۈەن: هەي مۇتىهەم، يوتاڭغا ئۇرۇپ گەپ تاپما!
پارىنى ئۆزەڭ ئېلىۋاتىسەن رەزىل خائىن! تۈنۈگۈن بىزنىڭ
مەلىكىدىن بىر مىڭ بەش يۈز داچەن ئالغان كىم؟...

مەلىكە: (قەتئىيلىك بىلەن.) هەي ساراڭ، ئاغزىڭغا ئېقىپ
جويلە! يالغان گەپ قىلما!

پادىشا: (مۇھاپىزەتچىلەرگە قاراپ، غەزەپ بىلەن.)
تۇتۇڭلا بۇنى! ئۇلۇق شەرق پىرىنىڭ بۇتخانىسىغا ئاپىرىپ، قۇر-
ئانداز جىنىڭ جەنىسىگىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇڭلار. ئۇنىڭ تاش-
قىرىغا چىقىپ جويلۇپ ژۇرۇشىگە يول قويمىسۇن!

ئۈچ مۇھاپىزەتچى قوپاللىق بىلەن چۈي يۈەننى تۇتىدۇ.

پادىشا: ئۇنىڭ بېشىدىكى سۇلايمان قالپىقىنى، پېشىدىكى
كوسۇيىنى ئېلىپ تاشلاڭلار!

يەنە ئىككى مۇھاپىزەتچى چۈي يۈەننىڭ كۇلاپىنى ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە
قىلىچىنى تارتىپ ئالىدۇ.

چۈي يۈەن: پادىشاھىم، سىلى شۇڭكەمگىچە چۈشەنمىدى-
لەمۇ؟ چۇ پادىشالىقىنىڭ تەقدىرى سىلىنىڭ قوللىرىدا. ئاتا-بوۋى-
مىزنىڭ چىرىغى سىلىنىڭ قوللىرىدا ئۆچۈپ كەتمىسۇن،
نەسلىمىزمۇ سىلىنىڭ قوللىرىدا قۇرۇپ كەتمىسۇن!

پادىشا: (تېخىمۇ غەزەپلىنىپ.) بولۇڭلا، چاپسان ئاپىرىڭلا!

ئىككى مۇھاپىزەتچى چۈي يۈەننى قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆۋرۈك تەرەپكە
سۆرەيدۇ.

چۈي يۈەن: مەن خورلانغىنىمغا ئېچىنمايمەن؛ بۇ ماكانىمىز
ئوغرىنىڭ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئوغۇرلىشىغا ھەرگىزمۇ چىدالاپ
تۇرالمايمەن!... (ۋىراقلىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى تېخى
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.) ئى خۇدا! ئى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى!
پادىشا پۇشايمان يەيدىغان كۈنمۇ كېلەر!.....

مەلىكە: سارالىڭ! نىمە دېگەن يالغانچى! (جالىڭيىغا قاراپ.) كوچۇرسىلە، جالىڭيى جاناپلىرى، بىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ناھايىتى خىجىلمىز.

پادىشا: شۇنداق، بىز سىلىنى يامان سوزلەرگە قالدۇرۇپ قويدۇق.

جالىڭيى: كەمىنىلىرىگە بۇلار ھېچگەپ ئەمەس. ئەمما شۇنىسى ئېچىنىشلىقكى، سىلىنىڭ پادىشالىقلىرى چوڭ بىر شائىردىن ئايرىلدى...

مەلىكە: ئانچىۋالا دەپ كەتكىدەك ئەمەس. كېيىنكى چاغلاردا بىر مۇنچە ياش شائىرلار پەيدا بولدى، ئۇلار چوي يۇەندىنمۇ قابىلىيەتلىكرەك.

جالىڭيى: سىلى كىمنى دەيدىلا؟ مۇمكىن بولسا، ئۇلار بىلەن دىدار كورۇشسەم، ئوزەمنى بەختلىك بىلگەن بولاتتىم.

مەلىكە: مەسىلەن، سۇڭيۇي، تاڭلى، جىڭسا... ئۇلار ناھايىتى ئۇستىلىك: مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلار پات-يېقىندا بۇ سارالىڭدىن ئوتۇپ كېتىدۇ.

پادىشا: مەن بۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئىشىتكەن، بۇ ياش شائىرلارنىڭ ئورنىنى كوتۇرۇمەن.

جالىڭيى: ياش يازغۇچىلارنىڭ ئورنىنى كوتۇرۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىكى توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ئۇزۇندىن بېرى مەندە بەزىبىر پىكىرلەر تۇغۇلغان

ئىدى، بۇ پىكىرلەرنى ئىشقا سېلىشنىڭ لازىملىقىنى بولۇپمۇ بۈگۈن ھېس قىلدىم.

مەلىكە: جالڭيى جاناپلىرى، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مۇلاھىزىلىرىنى بىزگىمۇ ئېيتىپ بەرسىلە.

جالڭيى: مېنىڭچە، يازغۇچىلار يېزىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقى كېرەك.

مەلىكە: توغرى، پۈتۈنلەي توغرى. يازغۇچى سىياسەت توغرۇلۇق سۆزگە كىرىشىدىغانلا بولسا ئالەمدە يوق يالغانلارنى ئېيتىشقا باشلايدۇ.

پادىشا: ياخشى، ھازىردىن باشلاپ ئاشۇ پىكىر بويىچە ئىش تۇتۇپ، يازغۇچىلارنىڭ سىياسەت توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈشىنى مەنئى قىلىمەن! ئەگەر يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدە كىمىكى بۇنىڭغا قۇلاق سالمايدىغان بولسا، ئۇنى دەرھال شەرق پىرىنىڭ بۇتخانىسىغا قاماپ قويىمەن. قېنى، ئوردىغا قايتايلى. (مېڭىشقا باشلايدۇ.)

مەلىكە، جالڭيى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر پادىشانىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. پادىشا كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيان-بۇيان ماڭغۇچىلار كۆپىيىپ تۇرىدۇ. پادىشا ۋە باشقىلار قايتقاندا، بۇ يولاۋچىلار قورقۇشۇپ يولنى بوشۇتۇپ خەندەك بويىغا توپلىشىپ قالىدۇ. لېكىن توپلانغانلار كۆپمۇ بولمىسۇن، ئازمۇ بولمىسۇن؛ ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىش كېرەك. سولياقتىن بىردىنلا شەن جۇمىن پەيدا بولىدۇ. دۈگىلەكتىن ژۇ گورۇپ

ئۆتۈپ شەھەر سېپىلىدىن ئەگىپدۇ - دە، پادىشا بىلەن مەلىكىنى كۆرۈپ
توختايدۇ.

مەلىكە: (شەنجۇەننى كۆرۈپ قېلىپ پادىشاغا دەيدۇ.)
جاڭيى جاناپلىرى ئېيتقان ھېلىقى كېنىزەك ئەنە شۇ.

ھەممە توختايدۇ.

جاڭيى: بۇ تېخى ئەمدىلا ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنىدۇ؛ شۇڭا يېنىدا ساقلىغانكەندە...

پادىشا: شۇنداق، كۆپ بولسا 18 ياشلاردا بار.

مەلىكە: شەن جۇەن مەيەرگە كەلچۇ.

شەن جۇەن تارتىنغان ھالدا، بۇلارغا قاراپ بىر قانچە قەدەم ماڭغان- دىن كېيىن خېلى يىراق ئارىلىقتا توختايدۇ.

مەلىكە: بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

شەنجۇەن: ئۇستازنى ئىزدەۋاتىمەن، مەن پۈتۈن سېپىل بويلاپ ئايلىنىپ چىقتىم، ئۇنى تاپالمىدىم.

مەلىكە: ئۇنى ئىزدىگىنىڭ بىكار؛ ئۇ ساراڭ بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلدى!

شەن جۇەن: (چۆچۈپ كېتىپ.) ئۇستاز ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى؟!

مەلىكە: ھەئە شۇنداق! بىز ئۇلۇق شەرق پىرىنىڭ بۇت- خانىسى ئالدىدا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. دېخانلار ئۇنىڭ جەسىدىنى سۇدىن ئېلىپ چىقتى. بۇ ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق

ۋە ئېچىنىشلىق ۋەقە.

شەنجۇەن: (ژىغلايدۇ.) راستمۇ، مەلىكە؟

مەلىكە: ئەلۋەتتە راس. ئىشەنمىسەڭ چۈي يۈەننىڭ مانا بۇ كۇلاسى بىلەن قىلىچىغا قارا. (مۇھاپىزەتچىلەر قولىدا! تۇتۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.) بۇ نەرسىلەرنى ئۇ سۇنىڭ بويىدا قالدۇرۇپتۇ، بىز ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە يەنە بىر جۈپ كەشى قالغان ئىكەن، ئەمما بىز ئۇلارنى ئالمىدۇق. (بىردىنلا خىيالىغا بىر نەرسە كېلىدۇ.) ھە، توغرى، يەنە مۇنۇ گۈل چەمبىرەكمۇ بار. (گۈل چەمبىرەكنى بويىدىن ئالىدۇ.) بۇ ساڭا ناھايىتى يارىشىدۇ. (گۈل-چەمبىرەكنى شەنجۇەننىڭ بويىغا ئېسىپ قويىدۇ.)

شەنجۇەن: (قاتتىق ژىغلايدۇ.) مەلىكە ئۇنى سىلى ھالاك قىللا! ئاھ، ئۇستاز، ئۇستاز، سىلى مېنى ھالاك قىلمىدى دېگەنتىلە، مانا سىلىنى ھالاك قىلىشتى! مەلىكە! سىلى نىمە دېگەن شەپقەتسىز!... نىمىشكە سىلى ئۇستازنى ھالاك قىلدىلا؟ ئۇ ئاجايىپ ئادەم ئىدى! ھەي... سىلى نىمە دېگەن شەپقەتسىز!...

مەلىكە: (كۈلۈپ.) ھەي قىز، سەنمۇ سەۋدايى بولغان ئوخشايسەن. ماڭا چۈي يۈەننى ھالاك قىلدىڭ، دەپ ئېيتىشقا قانداق پېتىنالىدىڭ! ئۆزەڭگە ئاگاھ بول!

شەنجۇەن: مېنى قورقاتمىسىلا، مەلىكە. ھازىر مەن سىلى-

دىن ھەرگىز قورقمايمەن. ئۇستازنى سىلى ھالاك قىللا، سىلى، سىلى، سىلى!

مەلىكە: خا- خا- خا-! بۈگۈن ئاجايىپ قىزىق كۈن بولدى: «باھارنىڭ ئاخىرىدا ئىتلارغا ئىجىرلىشىدۇ» دېگەن گەپ راس ئىكەن.

شەنجۈەن: سىلى ھەممە ئادەمنى ساراڭ دەيلا. ئويلاپ قارىسىلا، سىلىنىڭ ئىشلىرىنى ھېچكىم بىلمەمدۇ؟ سىلىدە قىلچىلىك ۋىژدان بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، سىلى ئۆز جىنايەتلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشلىرى كېرەك!

پادىشا: (ئاچچىقلىنىپ.) بۇ ئەبلەخ ھەددىدىن ئېشىۋاتىدۇ!

مەلىكە: (پادىشاغا تەسەللىي بېرىپ.) كىچىك بالىنىڭ سۆزىنىڭ نىمە ئېتىۋارى بار. مەيلى سۆزلىسە، سۆزلەۋەسۇن. بۇمۇ بىر قىزىق ئويۇن بولۇۋاتىدۇ.

شەنجۈەن: (تېخىمۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.) سىلىگە ئادەم بىر ئويۇنچۇق، سىلىگە ھەممە كىشى ئويۇنچۇق بولۇۋاتىدۇ! ئەمما سىلىنىڭ ئېغىر جىنايەت قىلغانلىقلىرى ئەسلىرىدە بولسۇن! سىلى بىزنىڭ ئۇستازنى ھالاك قىلدىلا، بىلەملا، بۇ خەلقىمىز ئۈچۈن زور يوقۇتۇش! (ئاستا سۆزلەيدۇ.) ئاسماندا ئۆرچىپ چىقىپ تۇرغان قۇياش يىقەت بىر ئىدى. سىلى ئۇنى ئۆچۈردىلە، (ئاۋازىنى يەنە كۆتۈرىدۇ.) شەپقەتسىز! بىر كۈن كېلىدىكى، ئۇچاغدا قاراڭغۇلۇقتا ئاچچىق ياشلىرىنى تۆكۈدىلا. سىلى ئۆز-

لىرىنى تۈگۈمەس ھەسرەتكە مەھكۇم قىلدىلا!

پادىشا: ھۇ... ئازازۇل! مەن بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرال-مايمەن!

مەلىكە: (ئۇنى توختۇتۇپ.) ئاچچىغلىرى كەلمىسۇن. توختاپ تۇرسىلا، مەن ئۇنىڭدىن گەپ سورايمەن. (شەن جۇەنگە قاراپ.) شەن جۇەن، سەن تېخى ياش، بۇنداق يامان سوزلەرنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ سېنىڭچە، ئۇستازىڭنى مەن ھالاك قىلغان ئوخشايمەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇ ساراڭلىق قىلىپ، ماڭا ئاھا-نەت قىلسا، سەن يەنە ئۇنى مېنى ھالاك قىلدى دەيسەنغۇ؟

شەن جۇەن: سىلى، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ھېچكىم سەزمىدى، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىمىسىلا! سىلى باشلىرى ئايلانغان بولۇپ، ئۇستازنى ئۆزلىرى يولىۋالسىلا دېگەن. سىلى پادىشانى كورۇش بىلەنلا، يۈز ئورۇپ، ئۇستازغا بوھتان قىلغان، سىلى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى دەپ ئويلىمىسىلا! قىلغان قىلمىشلىرىنى ھېچكىم كۆرمىدى، دەپ ئويلامىلا؟

مەلىكە: (غەزەپكە كېلىپ.) سەن نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن! بۇنى كىم كورۇپتۇ؟ كىم ئاڭلاپتۇ؟

شەن جۇەن: كورگەن ئادەملەر بار. بۇنىڭ ھەممىسى ئوردى-دا، خەلقنى ئالەمنىڭ كۆز ئالدىدا بولغان!

مەلىكە: بۇ يالغاننى كىم تارقاتتى؟ ساڭا كىم ئېيتتى؟

شەن جۇەن: كورگەن ئادەملەر ئېيتتى.

مەلىكە: بۇنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ ئېيت، ھازىر ئېيت!

شەنجۇەن: مەن ئېيتىپ بەرسەم، ئۇلارنىمۇ ھالاك قىلـ ماقچىمۇ؟

مەلىكە: ئېيتمىساڭــدىمەك، بۇنى سەن ئۆزۈڭ ئويلاپ چىقاردىڭ. تىلىڭنى كېسىپ تاشلايمەن!

شەنجۇەن: مەيلى مېنى بوغۇزلىسىلىمۇ، ئېيتمايمەن.

مەلىكە: (شەنجۇەنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋالىدۇ.) قېنى! ساڭا كىم ئېيتتى؟ ئېيت! ئېيتقىن دەيمەن!

شەنجۇەن: مېنى نېمە قىلسىلا شۇنى قىلسىلا، ئېيتمايمەن!

مەلىكە: سەن، بەلكىم، مېنى تىلىڭنى سۇغۇرۇپ ئالالمايـ دۇ، دەپ ئويلامسەن؟

شەنجۇەن: سۇغۇرۇۋەتسىلە. خالىغانلىرىنى قىلسىلا! مەن سىلىدەك ئادەملەردىن بىزار! سۇغۇرۇۋەتسىلە! (تىلىنى چىقىرىدۇ.)

مەلىكە: (مۇھاپىزەتچىگە.) قىلىچىڭنى بەر!

مۇھاپىزەتچى مەلىكىگە قىلىچىنى بېرىدۇ.

مەلىكە: (قىلىچىنى غىلاپتىن چىقىرىدۇ.) ئېيتامسەن، ئېيتمامسەن؟ كىم؟!

شۇ چاغدا خەندەك قېشىدا تۇرغان توپنىڭ ئىچىدىن بېلىقچى چىقىدۇ.

بېلىقچى: (قاتتىق ۋاقىرايدۇ.) ئۇ گۇناسىز بىچارە قىزغا تەگمىسىلە! مېنى ئۆلتۈرسىلە! بۇنى مەن ئېيتقان!

پادىشا: (غەزەپ بىلەن.) مۇنۇ ئەبلەخنى تۇتۇڭلا!

بېلىقچىغا ئىككى مۇھاپىزەتچى يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

بېلىقچى: (يەنە قاتتىق ۋاقىراپ.) بۇنى ئۇنىڭغا مەن ئېيتقان، مىرزا چوڭيۈەننى سىلە ھالاك قىلىڭلا! بايام مىرزا چوڭيۈەننىڭ دېگەن سۆزلىرىنىمۇ مەن ئۇنىڭغا ئېيتقان! مېنى ئۆلتۈرسىلە! مانا مېنى!

مەلىكە: (غەزەپ بىلەن.) سەن كىم؟

بېلىقچى: (ئىككى مۇھاپىزەتچى تۇتۇپ تۇرسىمۇ ۋاقىراپ.) مىرزا چوڭيۈەنگە نىمە دېگەنلىكلىرىنى، بېشىم قېيىۋالىدۇ دېگەنلىكلىرىنى مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. سىلىنىڭ چوڭيۈەن قولىغا قىلغىداق يىقىلغانلىقلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سىلى ئەتراپىدا تۇرغان ئادەم بارلىقىنى: تۆمۈرچى، سازچى، غەزەلچىلەر بارلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويدىلا! سىلى ۋىژدانلىق ئادەمنى بىكار ھالاك قىلدىلا. سىلى جاكىيىننىڭ دامىغا چۈشۈپ قالدىلا.

مەلىكە: مانا، يەنە بىر ساراڭ پەيدا بولدى! ئۇنىڭ گېلىغا بىر نەرسە تىقىڭلا! بۇنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىڭلا! (قىلىچىنى غىلاپىغا سالىدۇ.)

مۇھاپىزەتچىلەر بېلىقچىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

شەنجۈەن: مەلىكە، سىلى جاكىيىننىڭ يولىيورۇغى بىلەن شۇنداق قىلىۋېتىپلا-دە.

مەلىكە: بۇنىڭمۇ ئاغزىغا بىر نەرسە تىقىڭلا! (شەنجۇەنگە.) ھەي غالچا، مەن ساڭا ئازاپ سېلىپ، گوشۇڭنى قىيما - چىيما قىلمىغىنىمنى كۆر! (مۇھاپىزەتچىلەرگە قاراپ.) تۇتۇڭلار بۇنى، شەھەرگە ئېلىپ كېتىڭلا!

ئىككى مۇھاپىزەتچى شەنجۇەننى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. پادىشا ئاستا شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىن قالغانلارمۇ ماڭىدۇ.

پادىشا: (جاڭپېيغا.) مانا كۆردىڭمۇ ۋەزىر، بىزدە ساراڭلار نېمە دېگەن تولا، سىلە بۈگۈن بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تارتىڭلا.

جاڭپېي: (كېتىۋېتىپ.) ياق، ئۇنداق بولامدىغان. ساراڭلار ھازىر ھەممە يەردە كۆپىيىپ قالدى. ئەمما مەن بىزنىڭ مەلىكىدىن ھەقىقەتەن خوشال بولدۇم. (مەلىكىگە.) سىلى ئاجايىپ كامالەت ئىگىسى ئىكەنلا! سىلى ساراڭلارنى ياخشى تونۇ- يدىكەنلا! ساراڭلارنىڭ ئاغزىغا قولۇپ سېلىش - ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل.

مەلىكە: ماختىغانلىرىڭغا رەھمەت.

پادىشا: شۇنداق، بۇ ساراڭلار، ئاغزىغا قولۇپ سالمىساق، بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ، خەلقلەرنى تىنچىتمايدۇ.....

شۇچاغدا شەھەر دەرۋازىسىدىن شاھزادە زىلەن بىلەن سۇڭپېيۋ پەيدا بولىدۇ؛ ئۇلار پادىشا بىلەن مەلىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ. ھەممە توختايدۇ.

مەلىكە: (جاڭيىغا سۇكيۇيىنى كۆرسىتىپ.) ۋەزىر جاناپ-لىرى، بىز بايام گېپىنى قىلىشقان ياش يازغۇچىلارنىڭ داھىسى سۇكيۇي دېگەن كىشى مانا مۇشۇ!

جاڭيى: دۇرۇس، كېلىشكەن ژىگىت ئىكەن. شاھزادە زىلەن بىلەن ئاكا - ئۇكىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

مەلىكە: شۇنداق، مەنمۇ بۇنى ياخشى كۆرىمەن. زىلەن، نەگە كېتىۋاتىسىلە؟

زىلەن: ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىۋىدىم، ئانا، ئۇزلىرىگە بىر ئاز سۆزۈم بار ئىدى؟

مەلىكە: نىمە سۆز؟

زىلەن: ماۋۇ سۇكيۇي ئاكام ئۇستازىنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالىمايدىكەن. شۇڭامەن ئۆزەمگە ھەمرا قىلىپ، ئوردىغا باشلاپ كەلدىم.

مەلىكە: ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ.

پادىشا: (مەلىكىگە) قارىسىلا، بۇنى مىرزا قىلىپ تەيىنلى-سەك قانداق؟ (مېڭىشقا باشلايدۇ).

مەلىكە: بۇ تېخى ياش؛ باشقا ئەمەلدارلار غۇت - غۇت قىلارمىكى. (سۇكيۇيگە قاراپ) سۇكيۇي، ساڭا ئۆز يېنىمدىن مەنسەپ بەرمەكچىمەن، خوشال بولامسەن؟

سۇكيۇي: بۇ، مەن ئۈچۈن چوڭ بەخت. (مەلىكىگە، ئاندىن كېيىن پادىشاغا مىننەتدارلىق بىلەن تازىم قىلىدۇ.)

پادىشا: (خوشال بولۇپ) بۇبالا ھەقىقەتەن ئىسسىق چىراي ئىكەن. بۇنى بالا قىلىۋالايلى.... (شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ.)

باشقىلارمۇ پادىشانىڭ كەينىدىن كىرىپ كېتىدۇ.

خالايىق سەھنىدە تارقالماي تۇرۇپ قالىدۇ ۋە بويۇنلىرىنى سوزۇپ، شەھەر دەرۋازىسىغا غەزەپ بىلەن قارايدۇ. قولىداتور تۇتقان بىلىقچى بوۋاي خەندەك قېشىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. كېيىن بىردىنلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، يەرنى بىرنى تېپىپ، «ھىم» دەپ بىر خورسىنىدۇ.

— پەردە